پەرھات كازىمى

# ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پەرھات كازىمى

# ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى

( بالىلار ھېكايىلىرى )



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: سائادەت ساۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلدار مۇھەممەد
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى
(بالىلار ھېكايىلىرى)
ئاپتورى: پەرھات كازىمى

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىمەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 4.5
2011 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىلى 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5515 - 0021 - 0
سانى: 3000 - 1
باھاسى: 9.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


بوۋاي بولۇشنى خالايدىغان بالا ........ 1
يېشىل كىيىملىك پەرىزات ........ 8
تاغامنىڭ كۆز يېشى ........ 16
تەنە ........ 21
ئەرەب تۆگىسى ........ 25
چۈنچىدىكى ھەسرەت ........ 30
ئۈمىد ........ 36
غۇر - غۇر شامال ........ 48
سومكا ........ 55
گۆھەر ........ 75
ئاي كۈلۈمسىرىگەندە ........ 84
قۇدۇقچى بالا ۋە قۇدۇقچى بوۋاي ........ 93
ئاكا، مۇلايىم بول ........ 100
داداممۇ قالتىس ئادەم ئىكەن ........ 105
ئىسكەندەرنىڭ مۇڭگۈزى ........ 115
يامغۇر ........ 123
دوپپا ........ 129

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بوۋاي بولۇشنى خالايدىغان بالا

ئۆمەر ئون ئىككى ياشلاردىكى ئاق يۇزلۇك، سەل سېمىزرەك، ئۇيقۇچان بالا. ئاتا ـ ئانىسى بۇ تۇنجى پەرزەنتىنى تاك ئېتىپ چەكمەي، ئۆزلىرى يېمىگەننى يېگۇزۇپ، كىيمىگەننى كىيدۇرۇپ دېگۇدەك پەپىلەپ چوڭ قىلغان، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىققۇچە ناشتىلىقىنى تەييارلاپ، كىيىملىرىنى كىيدۇرۇپ قوياتتى. ئۆمەر كۇندە سەھەردە چاقىرىپ قويمىسا ئورنىدىن ئۆزى تۇرالمايتتى. ئۇ تاپشۇرۇق ئىشلەشكە شۇنداق قېرىق ئىدى. يازغان خەتلىرى ئۆزىدىن باشقا ئادەم ئوقۇيالمىغۇدەك دەرىجىدە سەت ئىدى. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى سەۋرچانلىق بىلەن «ئىزلاپ يېزىش» مەشىق دەپتىرى ئەكىلىپ بېرىپمۇ باقتى. ئۆمەر مەن تەييارلىق سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولمىسام، نېمە قىلارمەن بۇنى، دەپ مەشىق دەپتىرىگە قاراپمۇ قويمىدى.

ئۆمەرگە كۇندە سەھەر تۇرۇپ مەكتەپكە بېرىش شۇنداق خۇشياقمايتتى. ئۇ يەكشەنبىنى ئۆتكۇزۇپلا يەنە شەنبىگە تەلمۇرەتتى. ئۇ ھەر كۇنى خۇشياقمىغان ھالدا مەكتەپكە ماڭغاندا، ئىشىكى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاسىسىغا تايىنىپ ئۆلتۈرگەن قوشنىسى تالىپ بوۋايغا كۆرەتتى. بوۋايغا سالاممۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭغا سالام قىلىشمۇ خۇشياقمايتتى. ئۇ سالام قىلمىسىمۇ بوۋاي ئۇنىڭغا بەزىدە چاقچاق قىلىپ: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ قوياتتى. ئۆمەر ئۆزىنىڭ سالام قىلمىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ خىجىل بولۇپمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا بوينىنى بىر ياققا قايرىپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپلا خىجىللىقىنى ئىپادىلەپ كېتىپ قالاتتى.

چوڭ يول بىلەن ماڭسا يول يىراق ئىدى، ئەمما ئۇ چوڭ يول بىلەن ماڭاتتى. ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان مەھەللىلىكلىرىدىن بىرەرىنىڭ موتوسىكلىتىغا مىندۈرۈۋېلىشىنى تەمە قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك تەلىيى كېلىپ قالاتتى. بۈگۈن زادىلا تەلىيى كەلمىدى. ئۇ مەكتەپكە كەلگەندە ئىككىنچى سائەت دەرسكە كىرىپ بولغانىدى. ئۇ سىنىپقا كىرىشىگە ساۋاقداشلىرى چاقچاق قىلىشقا باشلىدى.

— ئۆمەر، سىلەرنىڭ مەھەللىدە ئەمدى كۈن چىقتىمۇ؟

— بىرەر كۈن بولسىمۇ كېچىكمەي كېلىپ باقساڭ بولمامدۇ؟ قارا، سىنىپىمىز يوقلىما كۆرسەتكۈچىدىن ئۆتەلمەي «كۆچمە قىزىل بايراق»نى ئالالمىغىلى يېرىم يىل بولدى، ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭ.

— كۈندە مەن ئالغىلى بارايمۇ ـ يە؟

ئۆمەر ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابمۇ بەرمەي پارتىسىدىكى سوۋلايمانغا تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىشىپ

بەرگىنە دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى ۋە ئاپىسى سومكىسىغا سېلىپ قويغان تۇخۇمدىن ئىككىنى ئاستا ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

ئۆمەر تاپشۇرۇق بەرمەيدىغان مەكتەپ بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلايتتى، بىراق ئۇ شۇنداق ئويلىغانسېرى ئوقۇتقۇچىلىرى تاپشۇرۇق دېگەننى ئۇست - ئۇستلەپ بېرەتتى. تېخى «مەۋسۇملۇق ئىمتىھاننى ناھىيە بويىچە بىر تۇتاش ئالغۇدەك» دەپ بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئەتىگەنلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدىمۇ دەرس چۈشەندۈرەتتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۆمەرنىڭ تاپشۇرۇق كۆچۈرىدىغان ئالتۇن پەيتى يوققا چىقتى.

ئۇ تۇرۇپلا تالىپ بوۋايغا ھەۋەس قىلىپ قالدى. ئادەم مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە قېرى بوۋاي بولۇپ قالسىمۇ بولامدۇ نېمە؟ مەنمۇ بوۋاي بولۇپ قالغان بولسامچۇ؟ مەكتەپكىمۇ بارماي، تاپشۇرۇقمۇ ئىشلىمەي، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، مۈگدىشىپ ئولتۇرۇش، قورساق ئاچقاندا تەييار تاماقنى يېيىش نېمىدېگەن راھەت. ئىسىت... تېزرەك بوۋاي بولۇپ قالسامچۇ؟

ئۇ مەكتەپكە بارماسلىقنى قارار قىلىپ تالىپ بوۋاي بىلەن پاراڭلاشتى.

— تالىپ بوۋا، مەنمۇ سەندەك بوۋاي بولۇپ قالغان بولسام دەيمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەكتەپكە بارمايمەن، تاپشۇرۇق ئىشلىمەيمەن دېگىنە.

بوۋاي كۆلۈپ كەتتى. كۈلكىدىن كېيىن ئۇلۇغ بىر تىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

— سەن مېنى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ بەخت پەيزىنى سۈرۈۋاتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ مەن سىلەردەك ۋاقتىمدا ئوقۇيالمىغىنىمغا، ئاتا - ئانام مەكتەپكە بار دېسە، ئات مىنىمەن، ئىت باقىمەن، توخۇ سوقۇشتۇرىمەن... دەپ مەكتەپكە بارماي مۇشۇ كۈنگە قالغىنىمغا ئۆكۈنىمەن. شەھەردىكى قاسىم داداڭنى بىلىسەنغۇ؟ شۇ كىشى مەن بىلەن تەڭ، ئۇنىڭغا قارىغاندا مەن ئۇنىڭ ئاتىسىدەك بولۇپ قالدىم، قېرىپ كەتتىم. ئۇ ياخشى ئوقۇپ چوڭ كادىر بولۇپ ياش يىگىتلەردەك يۈرىدۇ... ھەي، مەن بالىلىقىمنى، ياشلىقىمنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئامال بولغان بولسا دەپ ئاۋارە، سەن بوۋاي بولسام دەپ...

— نېمىلا دېگەنبىلەن خالىغىنىڭنى قىلىسەن - دە بوۋا. ئۇخلىغۇڭ كەلگەندە ئۇخلايسەن، قايسى تاماقنى يەيمەن دېسەڭ ئۆيۈڭدىكىلەر شۇ تاماقنى ئېتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، سەۋزە، كەرەپشە، پەمىدۇر دېگەندەكلەرنى يېمەيمەن دېسەڭ ئۇلارنى تاماققا قوشمايدۇ... ماڭىمۇ شۇنداق قىلغان بولسا جاھاندىكى ئەڭ بەختلىك بالا بولغان بولاتتىم.

— مەنمۇ سەندەك بالا بولۇپ قالغان بولسام دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم بولغان بولاتتىم. نېمىنى ئۆگىنىمەن دېسەڭ شۇنى ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىڭ

بار، نېمىنى يەيمەن دېسەڭ، شۇ بار. ماڭا قارا مەن يەيمەن دەپ يېيەلمەيمەن، كىيىمەن دەپ كىيەلمەيمەن...

— نېمىشقا ئەمدى؟

— قۇۋۋەتلىك تاماق يېسەم قان بېسىمىم ئۆرلەپ كېتىدۇ. ئوخشىغان تاماقكەن دەپ كۆپ يېسەم ئاشقازىنىم كۆتۈرەلمەيدۇ. ياش يىگىتلەردەك چىرايلىق كىيىنىپ يۈرەي دېسەم مانا قارا، بۇ ئىسكەتىمگە كىيىم ياراشمايدۇ...

— بىر كۈن بولسىمۇ ئالمىشىپ قالغان بولساق بولۇپتىكەن. سەنمۇ مۇئەللىملەرنىڭ بىر - بىرىدىن جىق تاپشۇرۇقىنى ئىشلەپ بولالماي، شىرەگە بېشىڭنى قويۇپ ئۇخلاپ قېلىپ باقساڭ، ئويۇننىڭ كۆپلۈكىدە ئويناي دېسەڭ، ئاتا - ئاناڭ ئويناتماي باقسا، سۇغا چۆمۈلمەن دېسەڭ ئەۋەتمەي باقسا ئاندىن بىلەتتىڭ...

شۇ ئاخشىمى ئۆمەر تالىپ بوۋايغا ئايلىنىپ قېلىشنى خىيال قىلىپ تاتلىق تەمەدە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قارىغانچە، ياز كېچىسىنىڭ غۇر - غۇر شامىلىغا ئەللەيلىنىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە تالىپ بوۋايغا ئايلىنىپ قالدى... ئۇ يېرىم كېچىدىلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇخلاي دېسىمۇ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئوغۇللىرىنى چاقىردى. ئۇلار غودۇڭشىغىنىچە «سائەت ئەمدى ئۈچ بولدى، نېمە سەھەر تۇرۇۋېلىش بۇ؟ يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن تۇرىمىز... بولىدۇ مانا، مانا...» دەپ غودۇڭشىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر بىر - بىرلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلىشكە باشلىدى. ئورنىدىن تۇرسىمۇ ھاسىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىر - بىردىن شوخ باللار كېلىشكە باشلىدى. باللارنىڭ خۇشاللىقى ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتسىز ۋە تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. باللار كۆلدە سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىسا، سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىغۇسى كەلدى. باللارغا قېتىلىپ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغۇسى كەلدى. ۋاللەي ئوينىغان باللارغا قوشۇلۇپ ۋاللەي ئوينىغۇسى كەلدى. ئۇنىڭ گىلى سىقىلىپ ھاسىراپ خىرقىراپ قالدى... ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا دوختۇرنىڭ ئوغۇللىرىغا: «داداڭلارنىڭ كېسىلى ئەمدى مۇشۇنچىلىك شىپا تاپتى، ئەمما، ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ» دېگەن سۆزى قۇلىقىغا كىردى. «ياق، مەن يەنە ياشايمەن! مېنىڭ ئۆلگۈم يوق!» ئۆمەر چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا ئويغىنىپ كەتتى...

ئۆمەر شۇ قورقۇنچلۇق چۈشتىن كېيىن، ھەرقانچە ئېرىنسىمۇ چىشلەپ سەھەر تۇردى. ئۇنىڭ قاق سەھەردە ئوچاققا ئوت يېقىشى، قويلارغا ئوت ئەكېلىپ بېرىشى، ئۇكىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئانىسىنىڭ قولىغا قول بولۇشى ھەممىنى سۆيۈندۈردى. ئۆمەرنىڭ بۇنداق ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرگەن دادىسى ئۇنىڭغا بىر ۋېلسىپىت ئېلىپ بەردى. مەكتەپتە بولسا ئۇنىڭ تىرىشىپ كۈندىلىك تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ئىشلەپ، ھەرقايسى دەرسلەردىن ئالغا ئىلگىرىلىشى ھەممەيلەننى خۇشال قىلدى. تالىپ بوۋاي ئۆمەردىكى

بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ساقىلىنى سىيلاپ ئۆزىمۇ تېتىكلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى، ئۇنىڭغا بەزىدە ئانچە - مۇنچە چاقچاق قىلىپمۇ قويىاتتى. تالىپ بوۋاي يولدىكى تاشلارنى تېرىپ سۇ سېپەتتى. بۇزۇلغان كۆۋرۈكنى ياسىماقچى بولۇپ، ئەمدى ئىش باشلىشىغا ئۆمەر ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ ياردەملەشتى.

ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. تالىپ بوۋاي «ھە، شاكىچىك، بوۋاي بولغۇڭ بارمۇ؟ ئەجەب ئىشچانلىشىپ كېتىپسەنغۇ؟» دەۋاتقاندەك مەنىلىك قاراپ قويدى. ئۆمەر بولسا «ھاياتنى قەدىرلەپ، مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇھىملىقىنى، بۇنىڭ ئۇچۇن بالىلىقنى قەدىرلەشنى بىلدىم، بۇ بوۋاي مېنىڭ ئويلىرىمنى بىلىۋالدىمۇ نېمە؟...» دېگەندەك بوۋايغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يېشىل كىيىملىك پەرىزات

مەھەللىمىزنىڭ نامى مەھەللىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئاراغول ئېقىنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. غولنىڭ سۈيى غولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بوْلاقلار ۋە غولنىڭ يۇقىرىسىدىكى كارىزلارنىڭ قىشلىق سۈيىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلۇغلاپ قالغانىدى. مانا زىرىكىشلىك قىش كېتىپ، ئەتىياز بورانلىرىنىڭ توپا - تومانلىرىمۇ بېسىقىپ چىرايلىق باھار كەلگەنىدى. ھەر يىلى باھار پەسلىدىن باشلاپ كۆزگىچە پاقىلارنىڭ كورۇكىراشلىرى كېچىنى جانلاندۇراتتى. كىشىلەر قۇم، شېغىل ئېلىپ كولاپ قويغان ئازگاللارغا يىغىلىپ قالغان سۇ كىچىك - كىچىك كۆلچەكلەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، لەش قايناپ، سېسىپمۇ كېتەتتى. مەھەللىمىزنىڭ ئۆردەك - غازلىرى سەھەردىن كەچكىچە ئېقىندا بېلىق ۋە پاقىلارنى يەپ پوكانلىرى قوش مۇشتەك كۆپكەن ھالدا ئېغاڭلىشىپ كاتەكلىرىگە كېلىشەتتى.

يازنىڭ تىنچىق كېچىلىرى پاقىلارنىڭ تىنىماي كورۇكىراشلىرى جېنىمغا تېگەتتى. پاقىلارغا شۇنداق ئۆچ بولۇپ كېتەتتىم. ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى بۇلاققا سۇغا چىقساممۇ، بۇلاقتا پاقا بولسا سۇ ئالماي ئۇنى بۇلاقتىن

چىقىرىۋېتىپ ئاندىن سۇ ئالاتتىم. بەزىدە پاقىلارنى كۆزىتىپ سائەتلەپ تۇرۇپمۇ قالاتتىم. بولۇپمۇ پاقىنىڭ قۇمچىقىنى بەكرەك كۆزىتەتتىم. قۇمچاقلار كىچىك چېغىدا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سۈت ئەمگۈچى ھايۋان كىتقا ئوخشايتتى. ئۇ چوڭىيىشقا باشلىغاندا بارا ـ بارا پاقىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتلۇق بولغان چاغدىكى تۇرقى كۈلكىلىك ئىدى. پۇتىغا قارىسا پاقىنى، قۇيرۇقىغا قارىسا كەسلەنچۈكنى ئەسلىتىدىغان تۇرقى بەزىدە تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرىپ قالاتتى.

مەھەللىدىكى دوستلار مەكتەپتىن كېلىپ قويلارنى غولنىڭ غەربىدىكى ئوتلاقتا قويۇۋېتىپ، رەڭگەتكىلىرىمىزنى ئالاتتۇق ـ دە، غول ئىچىدىكى شېغىللاردىن تاللاپ يانچۇقلارنى توشتۇرۇپ چىملىقتا سەكرەۋاتقان، سۇدا ئۈزۈۋاتقان، قىرغاقتا تۇرغان پاقىلارنى چەنلەپ ئاتاتتۇق، كىم ئەڭ كۆپ پاقىغا تەگكۈزسە شۇنى چېمپىيون ھېسابلايتتۇق.

ھەر يىلى تۆتىنچى ئايلاردا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چېلەكلەرگە پاقا تۇتۇپ كېتەتتى. بىز ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ «پاقا يەيدىغانلار» دېيىشەتتۇق ۋە ئۇلارنى كۆرسەك يالغانلاردىن قورۇق «ھۆ» بولۇپ قوياتتۇق. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلارنىڭ پاقىنىڭ قارنىنى يېرىپ نېمە قىلىدىغانلىقىنى تازا بىلگۈمىز بار ئىدى، ئوتتۇرا بوي بىر مۇئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ سىلەرمۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا بىلىپ قالىسىلەر. بىز بۇ پاقىلارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىچكى ئەزالىرىنى بىرمۇبىر تەكشۈرىمىز. ئوقۇغۇچىلارغا هايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنى چۈشەندۈرىمىز... — دېدى.

— پاقىنى ئۇنداق قاسساپلاردەك سويىدىغان ئىش بولسا مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇمايمەن.

— ئوقۇماي نېمە قىلىسەن؟

— قوي باقىمەن؟

...

قاچانلاردىن باشلاپكىن مەھەللىمىزنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان تۆمۈر بوۋاي پاقا تۇتقىلى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوغلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ تېخى «سىلەر هەر يىلى كەم دېگەندە ئۈچ يۈزدەك پاقىنى تۇتۇپ كېتىسىلەر، بۇ دەل پاقىلارنىڭ كۆپىيىدىغان مەزگىلى، بىر پاقا تۇخۇمىدىن ئون پاقا ئەي بولدى دېسەك، ئۈچ مىڭدىن ئوشۇق پاقىنى يوقاتقان بولىسىلەر...» دەپتۇدەك. بىز ئۇ بوۋايغا ئۆچ بولۇپ كەتتۇق. مەھەللىدىكى باللار بىر يەرگە كەلسەكلا پاراڭ تېمىسى شۇ بوۋايغا يۆتكىلەتتى.

— پاقىنى سويۇپ سامسا تۈگۈپ يەمدىكىن ئۇ قېرى.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن «ئارغوللۇقلار پاقا يەيدىكەن» دېگەن گەپ چىقمىسىلا بولاتتىغۇ؟

— ئۇ قېرىچۇ، كەنت مۇدىرىغا «غولنىڭ سۈيى تارتىلىپ، بېلىق، پاقىلار ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زىرائەتلەرمۇ هەر خىل هاشارات ئاپەتلىرىگە ئۇچراۋاتىدۇ، كەنتتىكىلەر غاز ـ ئۆردەكنى ئازراق باقسا

بولاتتى. سىز باشلىق بولغاندىكىن گەپ قىلىپ قويۇڭ، پاقا دېگەن ئەتىيازدا كۆپىيىدۇ، ھېچ بولمىسا پاقىلار سەل ئاۋۇغۇچە خەق غاز – ئۆردەكلەرنى كاتەكتىن چىقارماي تۇرسۇن...» دەپتۇدەك.

— كەنتنىڭ رادىئوسىدا توخۇ، ئۆردەك بېقىڭلار، دەپ تەشۋىق قىلىۋاتسا، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلامتى.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ «نامراتلارغا ياردەم قىلىمىز» دەپ تۆۋەن مەھەللىدىكى روزىئاخۇن ئاكىلارغا ھۆكۈمەت يۈز ئۆردەك ئېلىپ بەرگەن تۇرسا...

بۇ توغرىلىق گەپ بولسا چوڭلارمۇ تۇمۇر بوۋاينى «ئىلىشىپ قاپتۇ» دېيىشىدىغان بولدى.

مانا مەنمۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ «بىئولوگىيە» دەرسىدە پاقا ئوپېراتسىيە قىلىدىغان دەرسكە كەلگۈچە تاقىتىم تاق بولدى. مەھەللىمىزدە نېمە جىق؟ پاقا جىق. مۇئەللىمگە سىنىپىمىزدىكى بىر بالىغا بىردىن قىرىق بەش پاقىنى مەنلا تۇتۇپ كېلەي دېمەيمەنمۇ؟ باھار كېلىشى بىلەن پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ تەقەززا بولغان پاقا ئوپېراتسىيەسىنى ئىشلەپ بولدۇق. ئادەمنىڭ كۆڭلى ئىلىشىپ كېتىدىكەن...

يۇقىرى مەھەللىلىكلەر غول بويىدىكى دەرەخلەرنى كېسىپ، غولنىڭ قېشىغا سېمونتتىن تام قوپۇرۇپ ئۆي سېلىشقا باشلىدى. دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ۋاراڭ – چۇرۇڭمۇ كۆپەيدى. ئىلگىرىكى توختىماي سايرايدىغان قۇشلار بارغانسېرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئازلاشقا باشلىدى. نەچچە ئادەم بىر يەرگە كېلىپ قالسا
دەرەخلەردىكى زىيانداش ھاشاراتلار توغرىلىق پاراڭ
قىلىشىدىغان بولدى.

— نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان؟ چېكىتتەك قۇرت
دەل - دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىنى يەپ بولىدىغان تۇرسا،
تېرەك پىتى ئادەمنى پاشىدەك چېقىپ ئارامىدا
قويمىسا...

— ھەممىسى شۇ چاشقان يوقىتىمىز دەپ چاشقان
دورىسىنى تالا - تۈزگە چاچقانلىقىمىزدىن بولىۋاتىدۇ،
قۇشقاچلارنىمۇ يوقىتىۋەتتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورماننى
كېسىپ قۇشقاچلارنى قوغلىدۇق...

— ئىككىنچى تۆمۈرئاخۇن مايەردىكەنغۇ؟ ئۇنداق
بولسا سەن قۇشلارغا ئۆيۈڭنى بىكارلاپ بېرىپ كۆچۈپ
كېتەمسەن - يە!

بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسام ئويلىنىپ قالىمەن.
مۇئەللىملەرمۇ «قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى» دەپ
چۈشەندۈرگەنغۇ؟ بۇ جاھانمۇ قىزىق جاھان ئىكەن، بىر
نەرسىگە ئېرىشسە، بىر نەرسىدىن قۇرۇق قېلىۋاتقان.

نەچچە يىلدا غولنىڭ سۈيى ئازلاپ كەتتى. غولنىڭ
يۇقىرىسىدىكى كارىزلارنىڭمۇ سۈيى تارتىلىپ، نەچچىسى
قۇرۇپ قالغاچقا غولغا كېلىدىغان قىشلىق سۇمۇ ئازلاپ
كەتتى. يەتتىنچى ئايلاردا بولسا غولدىكى ئاندا - ساندا
تېرەن كۆلچەكلەردە سېسىق سۇنىڭ بارلىقىنى ھېسابقا
ئالمىغاندا غولدا سۇ قۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.
نەچچە يىل بۇرۇنقى باھار ئاخشاملىرى كوركىراپ

قۇلاق ـ مېڭەمنى يەپ كېتىدىغان پاقىلار يوقاپلا كەتتى. مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك غاز ـ ئۆردەكلىرى بار ئىدى. مانا ئەمدى بىر نەچچە كىشىنىڭ غېزىلا قالدى. تۇخۇمنىڭ گېپى بولغاندىلا ھەممە ئائىلىدە سۇنىڭ ئۇزۇلۇپ قالغانلىقى، ئېقىننىڭ بېشىغا ئەخلەت تۆكۈلىدىغانلىقى، ئېقىن قىنىغا ئۆي سېلىنغانلىقى توغرىلىق سۆكىدىغان گەپلەر بولاتتى.

مانا تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىقتىم. ئەقلىم يېتىلىشكە باشلىغان چېغى، ئۆينىڭ كەينىدىكى قۇرۇپ كەتكەن بۇلاققا قاراپ ئۆز ۋاقتىدىكى رەگەتكە بىلەن پاقىلارنى چەنلەپ ئوينىغانلىرىمغا پۇشايمان قىلىدىغان بولدۇم. «بىئولوگىيە» مۇئەللىمىمىزگە پاقا تەجرىبىسى ئىشلەيدىغان دەرسنى چىقىرىۋېتىشى ھەققىدە تەكلىپ يازدىم. تەكلىپتە ئۇنىڭ ئورنىغا بېقىپ كۆپەيتىش ئاسان ھايۋاننى ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇققا ئانچە تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقى ۋە بۇ تەجرىبىنىڭ ئېكولوگىيەنى قوغداشقا بولغان تەسىرى خېلى تەپسىلىي يېزىلغانىدى.

بۈگۈنمۇ مانا شۇ قۇرۇپ كەتكەن بۇلاققا قاراپ ئولتۇرۇپتىمەن. خىيالىمدا بولسا مۇئەللىمنىڭ شېئىر يېزىش تاپشۇرۇقى مېنى قىينايتتى. نېمىنى يازسام بولار؟ قۇرۇپ كەتكەن ئېقىننى، بۇلاقنى يازايمۇ ـ يە؟ بۇرۇنقى باراقسان دەرەخزارلىق ئېچىدىكى غولىنىڭ چىرايلىق مەنزىرىسىنى يازسام... كەينىمدىكى كۆكتاتلىقتىكى شىرىقلىغان ئاۋاز دىققىتىمنى تارتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەينىمگە قارىسام بىر يېشىل پاقا كۆكتاتلىقنىڭ چېتىدە تۇرۇپ پاشا، چىۋىن ۋە كۆكتاتتىكى ھالىنى يەۋېتىپتۇ. كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە «پاقىنى يازاي، پاقىنى» دېگەن ئوي كەلدى. شۇ ھامان قىمىر قىلماستىن پاقىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم.

ئۆيگە كىردىم ـ دە، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، نېمە دەپ ماۋزۇ قويۇش ھەققىدە بىرەر سائەتتەك ئولتۇرۇپتىمەن. خىيالىمدا ئاراغولىنىڭ سۆزۈك سۇيىدە ئەركىن ياشاۋاتقان پاقىلار، كۆكتاتلىقتا، قوغۇنلۇقتا پاشا، كۇمۇتا تۇتۇپ يەۋاتقان پاقىلار، بىز بالىلارنىڭ رەگەتكە بىلەن ئاتقاندا جان تالىشىپ ياتقان پاقىلار كېلىشكە باشلىدى... مەن پاقىلار بىلەن ئۇنسىز سۆھبەتلەشتىم... شۇ زامان بىر ماۋزۇ كاللامغا كەلدى ـ دە، كاللامدىن ھازىرلا چىقىپ كېتىدىغاندەك دەرھال قولۇمغا قەلەمنى ئېلىپ، تۆۋەندىكى شېئىرنى يازدىم:

## «يېشىل كىيىملىك پەرىزات

يېشىل كۆڭلەك پەرىزات،
ئوۋغا ماڭدى ئېتىزغا.
چەنلەپ ئاتتى ئوقىنى،
كۇمۇتىغا، پاشىغا.
بېشىدا يوق تاجى،
بارمىقىدا ئۈزۈكى.
ئۇ بولمىسا بولمايدۇ،

دەريا، كۆلنىڭ كۆركى.
سايراپ بېرەر كۇر ـ كۇر، كۇر،
سەكرەپ بېرەر تاق ـ تاق، تاق.
ــ تولا سەكرەپ هاردىڭمۇ؟
باش چايقىدى، ياق، ياق، ياق.
كۆكتاتلىقتا كۆزەتچى،
قوغۇنلۇقتا ماراقچى.
كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي،
پاشا، هالنى قىرماقچى.
ــ ۋاي باللار توسماڭلار،
ئۇنىڭ ماڭار يولىنى.
رەگەتكەڭنى قوي ئاداش،
ئاتما پاقا هەم قۇشنى.
ــ يېشىل كۆڭلەك پەرىشتە،
سەپىرىڭىز قاياققا؟
ــ ئوۋغا ماڭدىم، سەنمۇ يۈر،
هال چۇشۇپتۇ كۆكتاتقا.»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تاغامنىڭ كۆز يېشى

تاغامنىڭ مەكتىپىمىزگە ئوقۇتقۇچى بولغىنى ھەممىدىن بەك مېنى خۇشال قىلغانىدى. مەن كىچىكىمدىنلا تاغامغا ئامراق ئىدىم. تاغاممۇ ماڭا قەۋەتلا ئامراق. ئېسىمنى بىلسەملا تاغام مېنى كۆتۈرۈپ باقاتتى. ئۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا ماڭغاندا مەن ئەگىشىپ تازا يىغلىغانىدىم. بۇ مېنىڭ تەييارلىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم كەلسە ئەگىشەتتىم. تاغام ئۈچ يىللىق ئوقۇشىنى پۈتكۈزۈپ، ئوقۇتقۇچى بولدى. ئوقۇتقۇچى بولغاندىمۇ مەكتىپىمىزگە ئوقۇتقۇچى بولدى. خۇشاللىقىمدا بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدۇم. مەن كۈندە مەكتەپكە تاغام بىلەن تەڭ بېرىپ، تەڭ كېلەتتىم. ئوقۇتقۇچىلارغا يىغىن ۋە ئۆگىنىش بولۇپ قالسا، يىغىن زالى ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتىم. تاغام «كېتىپ تۇر» دېسىمۇ ئۇنىمايتتىم.

تاغامنى ئاتاملار بېقىپ چوڭ قىلغانىكەن. مەن بۇنى تۇغقانلارنىڭ «بەكرى ئىككى دۇنيالىق ساۋاب تاپتى. ئىنىسى ئابلىزنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، يېمەي يېگۈزدى، كىيمەي كىيگۈزدى، ئوقۇتتى. ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك قالغانلىقىنى بىلىندۇرمىدى...»

دېگەن گەپلىرىدىن ئاكام ئەمەس تاغاملىقىنى بىلگەنىدىم. مەن كىچىكىمدە نەچچە قېتىم ئاتامدىن «مەن نېمىشقا بەختىيار ئاكامنى ‹ئاكا›، دېمەي ‹تاغا› دەيمەن؟» دەپ سورىغانىدىم. ئاتامنىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ مېنى قايىل قىلالمايتتى. مەن تاغامنى ئۆزۈمنىڭ ئاكىسى دەپلا سېزەتتىم.

تاغامنىڭ مەكتىپىمىزگە مۇئەللىم بولغىنىدىن پەخىرلىنىپ سۆزلىسەم مىجىت چىدىماي قالدى.

— مېنىڭمۇ ئوسمان ئاكام ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

— بەختىيار مۇئەللىمدەك ھېساب دەرسى ئۆتەمدۇ؟

— بىلمەيمەن ئىشقىلىپ مۇئەللىم بولىدۇ.

— بەختىيار مۇئەللىمدەك ياخشى مۇئەللىم بولسىلا بولاتتىغۇ؟

— مېنىڭ ئاكام بەختىيار مۇئەللىمدىنمۇ ياخشى مۇئەللىم بولىدۇ. بىز بىلەن ئوينايدۇ. تىرىكمەيدۇ. قىيىنچىلىقى بار ساۋاقداشلارغا ياردەم بېرىشكە تەشكىللەيدۇ...

تاغام دەرسكە كىرىدىغان سىنىپتىكى باللارلا ئەمەس، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تاغامنى ماختىشىدۇ. تاغام ماختالغان چاغلاردا خۇشاللىق يۈزۈمگە تېپىپ چىقىدۇ.

سېرىق تونلۇق غازاڭ پەسلى كېلىشى بىلەن مەھەللىدە ھەممە ئادەم ئالدىراش بولۇپ كەتتى. تاغام

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەكتەپتىن كېلىپلا مېنى ئەگەشتۇرۇپ ئاتاملار قوناق ئورۇۋاتقان يەرگە ئېلىپ باردى. مەنمۇ كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە تاغامغا ياردەملىشىپ ئىشلەپ ھېرىپ كەتتىم. مۇشۇنداق تەك يىغىش، قوناق ئورۇشتەك ئالدىراش پەسىلدە چارەكلىك ئىمتىھان باشلاندى.

بىز مەكتەپتىن كېلىۋاتقاندا، تاغام دەرسكە كىرىدىغان بەشىنچى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار مەندىن ئۇنى - بۇنى سوراشقا باشلىدى.

— ئەزھەرجان، تاغاڭ ساڭا ئامراقمۇ؟

— ئامراق.

— تاغاڭنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ خالىغان نەرسىنى ئالالامسەن؟

— ئېلىپ چىقالايمەن.

— ئەمىسە بىزگە ماتېماتىكا ئىمتىھان سوئالىنى ئاچىقىپ بېرەلەمسەن؟

— ياق، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ.

— ئەخمەق ئىكەنسەن. بىزنىڭ نەتىجىمىز يۇقىرى چىقسا، بەختىيار مۇئەللىم مۇكاپاتلىنىدۇ. تاغاڭ مۇكاپاتلانسا سەن خۇشال بولمامسەن؟

— خۇشال بولىمەن.

مەن ئۇلارغا تاغامنىڭ دەرس تەييارلىقى خاتىرىسىنىڭ قېتىدىن ئىمتىھان سوئالىنى ئاچىقىپ بەردىم.

— يارايسەن، بىز بۇنى كۆچۈرۈۋالىمىز. قورقما، يەنە ئەكىرىپ قويساڭ بولىدۇ.

بۇ ئەنسىز ئىمتىھانمۇ ئېلىنىپ بولۇندى. تاغامنىڭ

سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نومۇرى مەكتەپ بويىچە ئەڭ ياخشى چىقىپتۇ. تاغامنىڭ خۇشاللىقى چىرايىدىن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مەن تاغامغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلىگىنىمگە خۇشال بولۇپ، تاغامدەك غىڭشىپ ناخشا ئېيتتىم. خۇشاللىقىم ئىككى كۈنگە بارمىدى. مەكتەپتە «بەختىيار مۇئەللىم سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىمتىھان سوئالىنى دەپ بېرىپتۇ» دېگەن گەپ تارقىلىپ، تاغامنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. مەنمۇ چۈشەن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدىم. يۈرىكىمنى غايىب بىر يوغان تاش بېسىۋالغاندەك تۇيغۇدا ئازابلىنىپ يۈردۈم.

تاغامنىڭ خۇشاللىقى يوقالغاندىن باشلاپ مەن ئۆزۈمنى جىنايەتچىدەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئاتا - ئانامنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم ئىدى. مېنىڭ قەپەسكە سولانغان قۇشتەك جىمىپ كەتكەنلىكىمنى كۆرگەن تاغام، ماڭا قىزىق - قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. مەكتەپنىڭ تەنقىدلەپ، جازالىغىنىمۇ مەيلى، تاغامنىڭ ئىناۋىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى مېنىڭ يۈرىكىمنى سىقاتتى.

تاغام ئەمدى ھۇجرىسىدىن چىقماي دېگۈدەك تەمبۇر چالىدىغان بولۇپ قالدى. مەن تاغامنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئىككى ئالقىنىم بىلەن ئېڭىكىمنى تىرەپ ئولتۇرۇپ تەمبۇر كۈيلىرىنى ئاڭلايتتىم. مۇزىكا دېگەن سېھىرلىك دەپ راست ئېيتىلغانىكەن. تاغام چالغان كۈيلەر مېنى تەنقىدلىگەندەك تۇيۇلاتتى. بۇ كۈيلەردىن «سەن تاغاڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن، تاغاڭنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكتۈڭ. خاتالىقىڭنى تونۇ. تاغاڭغا قىلغانلىرىڭنى دېگىن، كەچۈرۈم سورا...» دېگەن ئاۋاز چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. تەمبۇر تارىدىن چىققان كۈينىڭ رىتىمى بارغانسېرى تېزلىشىشقا باشلىدى. تاغامنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان بولۇپ، چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولغاندەك قىلاتتى. مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ رىتىممۇ تېزلىشىپ نەپەسىم سىقىلدى. مەن چىدىمىدىم.

— بولدى قىل! ئەمدى چالما.

— نېمىشقا؟

— ئىمتىھان سوئالىنى سىنىپىڭدىكى ئابدۇرازاقلارغا مەن ئاچىقىپ بەرگەنىدىم. ئۇلار ئىمتىھاندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ بەختىيار مۇئەللىمىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىمىز دېسە، مەن ماقۇل دەپتىمەن. مېنى كەچۈر، — مەن ئۆكسۈپ كېتىۋاتاتتىم.

— بولدى يىغلىما، خاتالىقىڭنى تونۇغان بولساڭلا بولدى.

— سېنى بۇ مەكتەپتىن يۆتكىۋېتەرمۇ؟

— ياق، ئۇنداق قىلمايدۇ. بولدى يىغلىما...

تاغام تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ يەنە چېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چالغان بۇ ئاھاڭى ماڭا بايىقىدەك سېھىرلىك ۋە تەسىرلىك بىلىنمىدى. لېكىن، تاغامنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىدى. مەن تاغامنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆز يېشى قىلغانلىقىنى بىلمىدىم. بەلكىم مېنىڭ خاتالىقىمنى تونۇغىنىمغا خۇشال بولغان بولسا كېرەك.

مېنىڭ يۈرىكىمنى بېسىپ تۇرغان ھېلىقى ئېغىر تاشنى بىرى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدىم.

## تەنە

ئاپامنىڭ نەسىھەتلىرى ئۇ قۇلىقىمدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىمدىن چىقىپ كېتەتتى. ئاپام تولا نەسىھەت قىلىپ ھاردى بولغاي، سىلىق گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلماي تەنە گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. كىيىملىرىمنى مەينەت قىلىۋەتسەم: «ھە، ئاپپاق بالام، مەن بىكارچى، قىلىدىغان ئىشىم يوق، ئەتىدىن كەچكىچە سېنىڭ كىرىڭنى يۇيماي بالام...» دېسە، بالىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئۆيگە كىرسەم: «بىزنىڭ كۆڭلىمىز پۈتۈن، ماڭ، چىقىپ بېشىڭنى يېرىشىپ كىر...!» دەيتتى. ئىشقىلىپ ئاپام بۇنداق تەنە گەپلەرنىڭ پىرى ئىدى.

گۈلسۈم مۇئەللىمنى دەيمەن، ئاپام بىلەن كېلىشىۋالغاندەكلا تەنە گەپ قىلىدۇ. بەزىدە، ئانىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداقمىدۇ دەپ قالىمەن. بىز تاپشۇرۇق ئىشلىمىسەك ئۇ: «... سىلەر تاپشۇرۇقنى ماڭا، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ئىشلەپ بېرىدىغان بولغاچقا، تاپشۇرۇق ئىشلىمەي ياشاپ كېتىڭلار...» دەيدۇ. بۇنداق چاغلاردا بەزىدە بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەيلا قالىمىز، ھەتتا قولىمىزنى پارتىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشقىمۇ پېتىنالمايمىز. كىمدە كىم تاپشۇرۇقنى ئۇنتۇپ قالسا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياكى سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمىسە: «تىرىشچان قولىقىدا گەپ تۇرىدىغان بالام...» دەيدىغان بولسا ئۇجۇقۇپلا كېتىمىز ـ دە! شۇڭىمىكىن، گۈلسۈم مۇئەللىمنىڭ تەنلىرىنى ئاڭلىماسلىق ئۇچۇن بولسىمۇ دەرسنى ئۆگىنىپ كېلەتتىم.

بۇ يىل يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىپ گۈلسۈم مۇئەللىمنىڭ ئورنىغا رەيھان مۇئەللىم ئالماشتى. رەيھان مۇئەللىم قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان غۇنچە بوي، بۇغداي ئۆڭ، قوي كۆز، مۇلايىم كۆرۈنىدىغان ئايال ئىدى. قايسى مەكتەپتىن يۆتكىدىكىن «ئوقۇتۇش ماھىرى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق ياراتقان...» دەپ مەكتىپىمىزگە تەلەپ قىلىپ يۆتكەپتۇدەك. شۇ سەۋەبتىنمىكىن بۇ يىل ئوقۇتۇش باشقىچە باشلاندى. ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ دەرس سۆزلەش، دەرس سوراش، تاپشۇرۇق بېرىش، مۇئامىلە قاتارلىق جەھەتلەردە بۇرۇنقىغا ئوخشىمايلا قالدى. رەيھان مۇئەللىمنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى بىزگە باشقىچە ئۇنۇم بەردى. بىراق، تەنلىرى ئاپامنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈكتەك بىلىندى. بىز بىرىنچى ھەپتىنى تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ ئۆتكۈزدۇق. ئىككىنچى ھەپتىگە قەدەم قويغاندا گاڭگىراپلا قالدۇق. تەنە دېگەننى شۇنداق قىلىۋېتىپمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ، مۇلايىم تۇراتتى.

— بۇ مەسىلىنى كىم ئىشلەپ باقىدۇ؟

— مەن!

— مەن!

— ...

سىنىپتىكى ساۋاقداشلاردىن بىرىمىز دېگۈدەك قول كۆتۈرگەنىدۇق. رەيھان مۇئەللىم قىزىشقاندەك دەرسنى مەندىن سورىدى. لېكىن، مەن خاتا جاۋاب بېرىپ قويۇپتىمەن.

— ئويلىنىپ جاۋاب بېرىڭ ـ ھە! بەرگەن جاۋابىڭىز خاتا بولسىمۇ، جۈرئەتلىك، دادىل ئىكەنسىز. ياخشى، ساۋاقداشلار سىلەرمۇ بۇ ساۋاقداشتىن ئۆگىنىڭلار. دادىل بولۇڭلار!

ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتىم. يۈزۈمگە نەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ بۇنداق خىجىلچىلىقتا قالماس ئىدىم.

— قېنى، سىز جاۋاب بېرىپ بېقىڭە؟ — مۇئەللىم روشەنگۈلگە ئىشارەت قىلدى.

روشەنگۈلنىڭ تىلى سەل ئېغىر بولۇپ «ر» نى ئېنىق تەلەپپۇز قىلالمايتتى. شۇڭىمىكىن روشەنگۈل سىنىپتا ئاسانلىقچە گەپ قىلمايتتى. روشەنگۈل مۇئەللىمنىڭ قىستىشى بىلەن يېرىم ـ يارتا جاۋاب بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى، راۋان، توغرا سۆزلىدىڭىز! يەنە تىرىشىڭ!

سىنىپ ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپلا قالدۇق. كېيىن بىلىشىمىزچە بۇ رەيھان مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئىكەن. رەيھان مۇئەللىم بۇ ئۇسۇلنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزگەرتمىدى. بىزمۇ كۆنۈپ قالدۇق. شۇغىنىسى بەزى بەزىدە گۈلسۇم مۇئەللىمنىڭ تەنلىرىدەك تۇيۇلۇپ، پات ـ پات مېنى قامچىلاپ تۇراتتى. بۇ تەنلەر تېخى بىر ئۇلۇغ قايىنامدەك بولۇپ، مېنى ئۆزىگە دەم تارتىپ تۇراتتى.

# ئەرەب تۆگىسى

مومام تەقۋادار ۋە خوراپات ئايال ئىدى. سەللا مىجەزىم يوق بولدىمۇ «كۆز تېگىپتۇ» دەپ ئىچىدە ئاللىنېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ چوڭ چىنىگە كېپەك ئېلىپ ئەسنەپ ـ ئەسنەپ ئاشلايتتى. ھويلىدا يۈگۈرۈپ ئويناۋېتىپ يىقىلىپ كەتسەمغۇ بولدى، دەرھال بىر چىنە سۇ ئېلىپ چىقىپ، دەرەخ شېخىدىن نەچچە تال سۇندۇرۇپ مۇزدەك سۇغا چىلاپ ئۇچۇقداپ كېتەتتى.

مەن مومامنىڭ بۇ ئىشلىرىغا قىزىقىپ ئۇنى- بۇنى سوراپ قويسام مومام خۇشال بولۇپ، بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىنى ماڭا دەپ بېرەتتى. مومامنىڭ ماڭا ئامراقلىقىنى تۇغقانلار ۋە قوشنىلارلا ئەمەس، پۈتۈن يۇرت بىلەتتى. كىچىك چاغلىرىمدا مەن تالادىن يىغلاپ كىرسەم ئاتا ـ ئانام بىر ياقتا قايرىلىپ قېلىپ، مومام مېنى ئۇرغان بالىنىڭ ئۆيىگىچە بېرىپ بىرمۇنچە «قورقۇتۇپ» قويۇپ مېنى يېتىلەپ قايتىپ كېلەتتى.

چوڭ بولغانسېرى مومامنىڭ زىيادە ئامراقلىقىدىن خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالدىم. يات ئادەم بار دېمەي بۆشۈكتىكى بالىنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلىتىپ كېتىشچۇ تېخى! ئۇنداق قىلسا كىم خىجىل بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزەممىغۇ موماملىغا ئەركىلەپ كېتەتتىم.

كىچىكىمدىلا موماملىغا بېقىپ چوڭ قىلىغاچقىمۇ، ئاتا ـ ئانامدىن سەللا رەنجىپ قالسام موماملىڭ يېنىغا چىقىۋالاتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمنى ئانىسىنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىۋالغان چۈجىدەك ھېس قىلاتتىم. ئۆزەممىغۇ ئۇنداق ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان شوخ باللاردىن ئەمەس ئىدىم. لېكىن، چوڭلارنىڭ ھەممىسى مېنى «شوخ» دەپ مەندىن ئەنسىرەپلا يۈرۈشەتتى. مېنى تولا ئاززۇلاپ باققاچقىمىكىن، بۇيۇم موماملىڭ گېپى بويىچە «ئازوت بەرگەندەك» تېز ئۆسۈپ كەتتى. تەڭ ياشتىكى دوستلىرىمدىن بىر غېرىچ ئېگىز ئىدىم. بىراق، ھەرىكەتلىرىم قوپال، قولاشمايتتى. پۇتۇمنى بىر يەرلەرگە ئاسانلا ئۇرۇۋالاتتىم، نېمىلا ئىش قىلسام چاتاق چىقىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسان ئاغرىپ قالاتتىم.

ئۆيدە ئەركە بولغان بىلەن مەكتەپتە ئەركىلىك قىلغىلى بولاتتىمۇ؟ مەكتەپتە قوزىدەك ياۋاش يۈرەتتىم. دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى ماڭا ئامراق ئىدى. ئاتام ئوقۇتقۇچى بولغاچقىمۇ ماڭا دائىم چۆچەك، تېپىشماق ئېيتىپ بېرەتتى. مەن دوستلىرىمغا ئاتام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك، تېپىشماقلارنى ئېيتىپ بېرەتتىم. ئاخشاملىرى ئۆيقۇم كەلمىسىلا ئاتامغا چۆچەك ئېيتقۇزاتتىم. دوستلىرىم بىر يەرگە كەلسىلا چۆچەك ئېيتىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىشاتتى.

ـــ تۇرسۇن ئاداش، چۆچەك ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟

— ئاۋۋال تونۇگۇنكى تېپىشماقنى تېپىپ بولساڭلار ئاندىن «خېمىر باتۇر» نى ئېيتىپ بېرىمەن.

— ۋاي، تاپالمىدۇق. شەھەر بېرەيلى.

— قايسى شەھەرنى بېرىسىلەر؟

— تۇرپان شەھىرىنى بەردىم.

— كىچىكلىك قىلىدۇ.

— مەن ئۈرۈمچى شەھىرىنى بەردىم.

— ئۈرۈمچىمۇ كىچىك.

— مەن پارىژنى بەردىم.

...

شۇ تەرىقىدە مەن دائىم ئۇلارنىڭ «شەھەر»نى ئېلىپ بولۇپ، تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى دەپ بېرەتتىم ـ دە، چۆچىكىمنى باشلاپ كېتەتتىم.

— مۇئەللىملەرمۇ مۇشۇنداق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەرگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!

— شۇ ئەمەسمۇ؟ يەنە بىرىنى ئېيتىپ بېرە، ئاتاڭنى چۆچەك خەزىنىسىمىكىن دەيمەن، ئاداش.

— مەنمۇ ئاتامنى: «سەن ‹چۆچەك خەزىنىسى› ھە، ئاتا» دېسەم، ئاتام كۈلۈپ تۇرۇپ: «سەنمۇ كۆڭۈل قويۇپ كۆپ ئاڭلىساڭ، كۆپ ئوقۇساڭ، كۆپ سۆزلىسەڭ ‹چۆچەك خەزىنىسى› بولالايسەن» دەيدۇ.

...

بۇ بىر ھەپتىدىن بىرى بىزنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىمىز ئايشەمگۈل مۇئەللىم ئوقۇشقا كېتىپ ئورنىغا بويىلىرى پاكار، سېرىق چاچ، مودا كىيىم

www.uyghurkitap.com

كىيىدىغان، ياراشمىغان يوغان ھالقا سالىدىغان ئايـ مۇئەللىم ئالماشتى. ئايگۈل مۇئەللىم بىزنىڭ سىنىپقا كىرىپ بىرىنچى سائەتتىلا بىزنى تەنقىدلەپ چىقتى.

ئۇ مۇئەللىمنىڭ گەپلىرىدىن بىزگە دەرسكە پەقەتلا كىرگۈسى يوق ئىكەنلىكى، ئامالسىزلىقتىنلا كىرگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن كۆڭۈللىرىمىز قەۋەتلا يېرىم بولدى. ئايگۈل مۇئەللىم تاپشۇرۇقنى شۇنداق جىق بېرەتتى. ھە دېسىلا «سان ـ سېپىرلارنى سەت يازىدىكەنسىلەر» دەپ «ماتېماتىكا» كىتابنى كۈندە ئون بەت كۆچۈرگۈزەتتى. قانداق تەكشۈرۈپ بولىدۇ دېيىش كەتمەيدۇ. «ئاتا ـ ئانىڭلار تاپشۇرۇقنى تەكشۈرۈپ بەرسۇن» دەپ قولىمىزغا تۇتقۇزاتتى. ئاتا ـ ئانىمىز تەكشۈرۈپ خاتاسىنى تۈزىتىپ بەرسە تاپشۇرۇقنى يىغىۋالاتتى.

تاپشۇرۇقنىڭ كۆپلۈكىدە بىزمۇ ئاۋۋال ئاسانلىرىنى ئىشلەپ قىيىنلىرىنى تاشلاپ قوياتتۇق، بولۇپمۇ مەن. شۇڭا ئايگۈل مۇئەللىم كۈندە دېگۈدەك مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ تەنقىدلەيتتى. مومام ئۇقىدىغان بولسا مەكتەپكە كېلىپ ئايگۈل مۇئەللىم بىلەن دېيىشىپ قېلىشتىن يانمايتتى.

يېقىندىن بۇيان ئايگۈل مۇئەللىم ئىسمىمىز بىلەن چاقىرمايتتى. كىيىم ـ كېچىكىمىز، تەقى ـ تۇرقىمىز، ئورنىمىزغا قاراپ لەقەم قويۇپ چاقىراتتى. بىر كۈنى مەن مەشىقنى بىرىنچى بولۇپ ئىشلەپ بولغانىدىم.

— ھە، ئەرەب تۆگىسى دوسكىغا چىق! — دېمەسمۇ،

ساۋاقداشلىرىم «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ماڭا «ئەرەب تۆگىسى» دېگەن لەقەم سىڭىپلا كەتتى. مانا بۇ لەقەم ئۆيدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندى.

— قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ ئوقۇتقۇچىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ — دېدى ئاپام خاپا بولۇپ.

— ئامراقلىق قىلىپ دەپ قويغاندۇ، — دېدى ئاتام.

— لەقەم دېگەن كىچىكىدە سىڭىپ قالدىمۇ بولدى، ئۆمۈرلۈك بولۇپ قالىدۇ.

— ئۇغۇ شۇ.

مومامنىڭ مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مەكتەپكە بارغانلار يالغۇز موماملا ئەمەس، «ئوماق پىنگىۋىن»نىڭ ئاپىسى، «قۇيرۇقى يوق قۇشقاچ» نىڭ ئاتىسىمۇ بارغان بولۇپ، مۇدىر بىلەن كۆرۈشكەندى. مانا ئايگۈل مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ خاتالىقىنى تونۇپ كەچۈرۈم سورىدى، ئۇ بەشىنچى يىللىقلارغا دەرسكە كىرىشكە يۆتكىۋېتىلدى. مۇدىر بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىمىزنى كىمدە كىم ئايگۈل مۇئەللىم قويغان لەقەم بىلەن ئاتىساق مەكتەپتىن قوغلايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، بىراق «ئەرەب تۆگىسى» دېگەن لەقەم ئىسمىم بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بەزىدە بۇ لەقەمنى ئويلىسام يىغلىغۇم كېلەتتى. بويۇمنىڭ ئېگىز بولۇشى گۇناھمۇ؟ «ساۋاقداشلار، سىلەر مېنى ‹ئەرەب تۆگىسى› دېمەڭلار!» دەپ ئۇلارغا خىتاب قىلغۇم كېلەتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# چۈنچىدىكى ھەسرەت

ھامۇت دادامىلارنىڭ چۈنچىسىدىكى ئالدى قورۇشقا باشلىغان، كەينى شىمىقىقان ئۆزۈملەرنى بىرى نابۇت قىپتۇ. ئەمدى ئابدۇراخمان پۇلىنى ئۇنداق كەڭ قول خەجلىيەلمەيدىغان بولدى، بىزنىمۇ ئۇنداق پات - پاتلا مېھمان قىلالمايدىغان بولدى. ئىسىت، ئابدۇراخمانغا ئۇۋال بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم ئۇنىڭ بىزنى پات - پات مېھمان قىلىدىغان كەڭ قوللۇقىنى ئويلاپ.

قايسى قارا نىيەتنىڭ ئىشىدۇ بۇ؟ دېگەن سوئال پۈتۈن كارىزدىكى ھەممە ئادەمنىڭ كاللىسىدىن كەتمەيتتى. ھامۇت دادامىلارنىڭ چۈنچىسىگە بېرىپ كۆرگەنلەر ئۆزۈملەرنىڭ ھالىغا ئېچىنماي قالمايتتى. كارىزدىكى چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىگە تەسەللى بېرەتتى. مەنمۇ ساۋاقدىشىم ئابدۇراخمانغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان گەپلەرنى قىلاتتىم.

— چوقۇم ھامۇتلاردا ئۆچى بار ئادەمنىڭ ئىشى.

— ئاياغ ئىزىغا قارىغاندا كىچىك بالىدەك قىلىدۇ.

— ئابدۇراخمان ئۇرۇشۇپ قالغان بىرەر شۇمنىڭ قىلغان ئىشىمۇ - يە؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بۇنىڭدىن بىر ھەپتە بۇرۇنقى ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى. شۇ كۈنى ئابدۇراخمان سىنىپتا دىجورنى ئىدى. ئۇ پاكىز تازىلانغان مەيدانغا سۇ سېپىۋاتاتتى. سىنىپنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىققان دىلشادقا بىر ساپلىق سۇ چېچىلىپ كەتتى. دىلشاد ئۇقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئابدۇراخماننىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ئۇرۇشۇپ كەتتى. ئابدۇراخمان قاۋۇل ۋە چەبدەس بولغاچقا، دىلشادنىڭ مۇشت ـ پەشۋالىرىنى توسۇپ قول ياندۇرمىدى. دىلشاد ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتكەندەك نەچچە مۇشت ئۇرۇپ قويغانىدى. دىلشاد شۇ چاغدا يىغلاپ تۇرۇپ: «ئۆچۈمنى ئالماي قويمايمەن» دېگەنىدى. بۇ ئىشنى دىلشاد قىلغاندىمۇ؟ كىچىككىنە ئىشلارنى دەپ بۇ ئىشقا ئۇنداق قىلىپ كەتمەس. ياق، دىلشاد دېگەن تولىمۇ قورقۇنچاق تۇرسا، كېچىدە بۇ چۈنچىگە كېلەلمەيدۇ. ئەمىسە كىم قىلغاندۇ؟

خىيالىمغا دىلشادنىڭ شۇ «ئۆچۈمنى ئالماي قويمايمەن» دېگەن گېپى كىرىۋېلىپ ئارامىمدا قويمىدى. كۆز ئالدىمغا بولسا توپا ـ كېسەكنىڭ ئارىسىدا مىجىلىپ كەتكەن ئۈزۈملەر كېلەتتى. بۇ يىل باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، دېگەن گەپكە ھەممىدىن بەك ھامۇت دادام خۇشال بولۇپ، ئۈچۈرىغانلا ئادەمگە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ يۈرەتتى. چۈنچىنىڭ بىر بوزىسىنىڭ ئۈزۈمى نابۇت بولسا، كەم دېگەندە تۆت ـ بەش مىڭ يۈەننىڭ بېشىغا چىقتى دېگەن گەپ. ھەي...

ساقچىلار كېلىپ بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دادىلار ھامۇت دادىلارغا ياردەملىشىپ مىجىلىپ كەتكەن ئۈزۈملەرنى چۈنچىنىڭ خامىنىغا يېيىپ قويدى. چۈنچىدە يېشىل ياقۇتتەك قۇرۇغان بولسا ھەر كىلوگىرامىنى سەككىز — توققۇز يۈەنگە ساتقىلى بولاتتى. مانا ئەمدى قارا ئۈزۈمنىڭ ھەر كىلوگىرامىنى ئىككى، ئۈچ يۈەندىن ئاران ساتقىلى بولار. نېمىدېگەن كۆپ زىيان بۇ ـ ھە!

ساۋاقداشلار بىر يەرگە كەلسەكلا بۇ ئىش توغرىلىق غۇلغۇلا قىلىشىدىغان بولدۇق.

— مەن ئاكام بىلەن چۈنچە ساقلاۋاتىمەن. كارىۋاتنىڭ بېشىغا كالتەك قويۇپ قويدۇق. بىرەر شەپىنى ئاڭلىساقلا بېرىپ كالتەكلەيمىز، — دېدى ھەسەن.

— مەنمۇ ئاتام بىلەن چۈنچە ساقلايمەن.

— ئابدۇراخمانلارنىڭ چۈنچىسىنى ئۆرۈۋەتكەن ئادەم كىمدۇر؟

— كىملىكىنى بىلسەك، بۇ يەردە غۇلغۇلا قىلىپ ئولتۇرىمىزمۇ؟

بۇ ئىش سىر پېتى قېلىۋەردى. ئۈزۈملەر قۇرۇپ يېشىل ياقۇت دۆۋىسىدەك دۆۋىلەنگەندە ھەممە ئادەم ئەنسىزچىلىككە چۈشكەندى. ئۈزۈملەرنى خالتا، تاغارلارغا قاچىلاپ ئۆيلەرگە ئەكېلىۋالايلى دېسە كالەكلىشىۋېلىپ، سۇزۇك قۇرۇغان ئۈزۈملەر قارىداپ ئۈزۈمنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتەتتى. چۈنچىدە قويۇپ قويايلى دېسە قوشنا مەھەللىلەردە چۈنچىدىكى ئۈزۈملەرگە ئوغرىلىققا چۈشۈپتۇ، دېگەندەك كىشىنى

ئەندىشىگە سالىدىغان خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى.

قوشنىمىز سەپەرئاخۇن ئاكاملار ئۈزۈمنى ئىككى ھەپتە كېچىكىپ ئۈزدى. بۇ قېتىم ئۇلارغىمۇ تەس بولدى. ئۈزۈم ئۈزۈش ۋاقتىدا ئىككى قىزى ئوقۇشقا كەتتى. سەپەرئاخۇن ئاكامنىڭ قولىغا چاققا چىقىپ قېلىپ ئېسىپ يۈردى. ھەي، ئۇلارغا ياردەملىشىدىغانلارمۇ ئۆزىنىڭ ئۈزۈمنى ئۈزۈپ بولۇپ ياردەملىشىدۇ ـ دە.

چۈنچە ـ چۈنچىلەردە كۆندە سودا قايناپ تۇردى. بىز باللار چوڭلارنىڭ باھا تالىشىشلىرىغا ۋە ئۈزۈم جىڭلىغاندا ھېسابات قىلىشلىرىغا ياردەملىشىپ دەپتەرلىرىمىزگە ھەر بىر تاغارنىڭ، ھەر بىر خالتىنىڭ ھېساباتىنى يېزىپ ماڭاتتۇق. ئۈزۈمچى سودىگەرلەرنىڭ جىڭىدا مەسىلە بار ـ يوقلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۆلچەملىك بىر كىلوگىراملىق نەرسىلەرنى جىڭلاپ كۆرەتتۇق. قوي باققىلى چىققاندا بولسا ئابدۇراخمانلارنىڭ چۈنچىسىدە بولغان ئىشنى غۇلغۇلا قىلىپ قويۇشاتتۇق.

ــ چوڭلارنىڭ ھەممىسى ئاياغ ئىزىدىن قارىغاندا باللار قىلغان ئىشكەن، دېيىشىۋاتىدۇ.

ــ بۇ قانداق گەپ بولدى ئەمدى؟ چوڭخەي كىيىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بالا ئەمەس ـ تە.

ــ ئۇنداق دېگەنبىلەن، ساقچىلار ئاياغ ئىزىدىن شۇ ئاياغنى كىيگەن ئادەمنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئېگىزلىكىنى بېكىتىپ «بۇ ئىشنى باللاردىن بىرى قىپتۇ» دەپتۇدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نويابىرنىڭ سوغۇقى دەرەخلەرنى يالىڭاچلاپ قويدى. سەپەر ئاخۇن ئاكامىلارنىڭ چۈنچىسىدىلا ئۈزۈم قالدى. كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئۇلارنىڭ چۈنچىسىدە ئادەم بار ئىدى.

بىر كېچىسى كوچىدا دۈپۈرلىگەن ئاياغ تاۋۇشلىرى كۆچەيدى. بىزمۇ تالاغا چىقتۇق.

— سەپەرئاخۇنلارنىڭ چۈنچىسىگە ئوغرى چۈشۈپتۇ!

— ئوغرىنى تۇتايلى!

قولچىراغلارنىڭ يورۇقلىرى ئەتراپنى بىر ئالغاندى. رەتسىز سېلىنغان چۈنچىلەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ سەپەر ئاخۇن ئاكامىلارنىڭ چۈنچىسىگە كەلدۇق. چۈنچە ئۆرۈلگەن بولۇپ، كېسەكلەر ئارىسىدا بىر گەۋدە قانغا مىلىنىپ ياتقانىدى. كىشىلەر ئۇنى كېسەكلەر دۆۋىسىدىن تەستە ئېلىپ چىقىپ تۈز يەرگە ياتقۇزدى.

— يەنە بىرى قېچىپ كېتىپتۇ. ئاۋۇ تەرەپكە قېچىپتۇ. يىراق كېتەلمەيدۇ، چوقۇم تۇتىمىز.

ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى. ئوغرىلىققا چۈشكەن ئابدۇراخمان بىلەن سۇلايمان ئىكەن. ئەسلىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ پۇل دېگەننى ئايىماي خەجلەيدىغان بولۇپ قالغىنىنى بىكار ئەمەسكەن. ئۇلار چۈنچىلەرنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئاز - ئازدىن ئۈزۈم ئوغرىلاپ ساتقانىكەن. ئەڭ ئاخىرقى ئولجىدىن قۇرۇق قالمايلى دەپ سەپەر ئاخۇن ئاكامىلارنىڭ چۈنچىسىگە ئوغرىلىققا چۈشكەندە سېزىلىپ قېلىپ، چۈنچىنىڭ ياۋا يامداق،

قومۇش، ياغاچلار بىلەن ئېتىپ قويغان يېرىدىن قېچىپ كېتىمىز دەپ چۈنچىگە ئۆزلىرىنى ئۇرغانىكەن، چۈنچە ئۆرۈلۈپ ئابدۇراخماننى بېسىۋالغانىكەن.

ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇراخماننىڭ بىز ئاغىنىلەرنى مېھمان قىلغاندا يېگەن نەرسىلىرىمىزنى ئويلىسام ھۆ بولۇپ كېتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئۈمىد

مەھەللىمىزنىڭ شەرق تەرىپىدە يازلىقى نەچچە قېتىم توشقۇدەك سۇ ئاققىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە بىر كارىزنىڭ سۈيىدەك سۇ ئاقىدىغان ئېقىن بار ئىدى. چوڭلار بۇ ئېقىننى «مۆرەن» دېيىشىدۇ. مەھەللىمىزنىڭ نامىمۇ شۇ نامغا ئاساسەن قويۇلغانىكەن. مۆرەن مەھەللىسى دېسە، بۇ تەۋەدىكى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا بۈككىدە ئورمان بىلەن قاپلانغان، بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئاۋات، كۆجۈم مەھەللە كېلىدۇ. دەرھەقىقەت، بۇ تەۋەدە بىزنىڭ مەھەللىدەك ئورمانلىق، باغۋاراڭلىق مەھەللە يوق.

بىزنىڭ بۇ يۇرتنىڭ ئىسسىقى يامان، ياز بولدىمۇ كۈندە تېلېۋىزورغا قارايمىز. «تۇرپاندا ھاۋا ئوچۇق، تېمپېراتۇرا 42 سېلسىيە گرادۇس بولىدۇ...» دېگەن ھامان «ئۇھ» دېيىشەتتۇق. بىزگۇ بۇنداق سالقىن يەردە شۇنداق دەيمىز، شەھەردىكىلەر قانداق قىلار دەپ، ھەر خىل قىياسلارنى قىلىشىپ كېتەتتۇق. سەھەردە مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ئىچىش بەك راھەت. قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ باللىرى بىلەن قويلارنى مۆرەننىڭ ئوت ـ چۆپلىرى بۇلۇق ئۆسكەن توقايلىقىغا ھەيدەۋېتىپ، بۇلاق سۈيىگە

نان سېلىپ بولاقنىڭ تۈۋىنىگە ئېقىپ بارغاندىلا يەيتتۇق ـ تە، قورساقنى توقلىۋېلىپ توقايلىقتا تازا ئوينايتتۇق. بۇنداق ئويۇننى چوڭلارمۇ ئوينىغان بولسا كېرەك، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بىزگە قاراپ ھەۋەسلىنىپ قارىشىپ قالاتتى. ئۇنداق راھەت، كۆڭۈللۈك نان يېيىشكە، ئويۇنلارغا كىمنىڭمۇ ھەۋىسى كەلمىسۇن، بەلكىم ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان، دەرەخ شاخلىرىدا بىزنىڭ ئويۇنلىرىمىزنى كۆرۈۋاتقان قۇشلارنىڭمۇ ھەۋىسى كېلىدىغاندۇ.

يۇرتىمىز تەبىئەتنىڭ خاسىيىتىگە مۇيەسسەر بولغان يۇرتمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن. نېمىشقا دېسىڭىز، مەھەللىمىزنىڭ ئىككى كىلومېتىر غەربىدە ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان قۇمتاغ بىزنىڭ يېشىللىققا پۈركەنگەن مەھەللىمىزنى، جۈملىدىن پۈتۈن يۇرتىمىزنى يۇتۇۋېتىدىغان غايەت زور سېرىق ئەجدىھادەك تولغىنىپ ياتاتتى. قۇمتاغنىڭ تۈۋىنىدە بولسا مۆرەن، مۆرەن بويىدا تال، تېرەك، توغراق، جىگدە... دەرەخلىرى باراقسان ئۆسكەنىدى. مۆرەندىن بەش ـ ئون مېتىر ئېگىزلىكتە قۇملۇقتا ئۆسكەن قارا بۇيا، قومۇش، يانتاقلار بىر ئىككى يۈز مېتىر يەرگىچە سوزۇلۇپ بېرىپ قۇمغا ئورۇن بېرىشكەنىدى. بوۋامنىڭ دېيىشىچە، بوۋىسىمۇ قۇمتاغنىڭ مۆرەن تەرەپكە سۈرۈلمىگەنلىكىنى ئېيتقانىكەن. بۇنى ئەمگەكچان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەر يىلى نورۇزدا مۆرەن بويىغا كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلغانلىقىدىن دەپ بىلىشەتتۇق. شۇڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۆرەنلىكلەر ھەر يىلى ئەتىيازدا مۆرەنىنىڭ بوش يەرلىرىگە كۆچەت تىكىشنى ئادەت قىلغانىكەن. يېزىلىق ھۆكۈمەت مۆرەن بويىغا يول ئالىمىز، مۆرەنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئۈچ ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى دېھقانلارنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە كونا يول نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلدى، دەپ ئالا بالداق تاياقلارنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆلچىگىلى تۇردى. بۇۋام قاتارلىق بىرمۇنچە يۇرت چوڭلىرى خاپا بولۇپ، يولنى ئېتىز تەرەپتىن ئېلىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىشتى. بۇۋامنىڭ دېيىشىچە، ئېقىن بويىغا يول ئېلىش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش ئىكەن. نەچچە چالىنىڭ خاپا بولغىنىغا يول قۇرۇلۇشى توختاپ قالاتتىمۇ؟ مۆرەن بويىدىكى ئېشەك ھارۋىسى ماڭىدىغان يول ئەمدى چوڭ يولغا ئايلاندى. بۇۋام مۇشۇ يول سۇنىڭ تومۇرىنى ئۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن، ئاۋۇ قاسىمئاخۇنلارنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى بۇلاق قۇرۇپ قالارمىكىن، دەپ ئاھ ئۇرۇپ كەتتى. بۇۋامنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇ بۇلاق ئىككى يىلدا سۈيى ئازلاپ ئاقماس بولۇپ، لەش قايناپ تۇرىدىغان سېسىق كۆلچەككە ئايلاندى.

مەھەللىمىزنىڭ تۆۋىنىدىكى يۇرتتىن ئېسىل تاش بايقىلىپ، ئۇنى زاۋۇتتا پىششىقلاش ئىشى باشلىنىپ، ھېلىقى يولدىن ماشىنا دېگەن ئۈزۈلمەي ماڭىدىغان بولدى. يول بويىدىكى دەرەخلەر كېسىلىپ ئۆي سېلىش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. دۇكان، ئاشخانا، رېمونتخانىلار

ئېچىلىپ مەھەللىمىزدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر بېيىپلا كەتتى. ئاتاممۇ بىر كۈنى:

— ئاتا، ئاۋۇ ئېقىن بويىدىكى يەم ـ خەشەك يېرىگە ئۆي سېلىپ...

— بولمايدۇ، بالام. ئېقىن بويىغا ئۆي سالغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، بىز كۆردۇق. ئۆيۋاقنى سۇ ئېلىپ ماڭسا قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئامال يوق... ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئوبدان ياشىرىپ، يۇرتقا ھۆسن قوشۇۋاتقان دەرەخلەرنى كېسىپ قانچىلىكمۇ راھەتنى كۆرەرمىز؟ — دەپ ئاتامنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە ئۇردى.

ئەمما، مۆرەننىڭ قىننىغا قېلىن، سەل يانتۇ قىلىپ تاش، سېمونت تام قوپۇرۇپ ئۈستىگە ئۆي سالىدىغانلار كۆپەيگىلى تۇردى.

ئاتام بوۋامغا يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈۋاتىسەن ئاتا، كەلكۈن شۇنچە ئۇلۇغ كېلىپمۇ ھېچنېمە بولمىدىغۇ مانا...

— ياق، ئۇنداق دېمە، ئېقىن دېگەن ھامىنى ئۆز يولىنى تاپىدۇ. بۇرۇن ئاۋۇ يەرگىچىلىك مۆرەننىڭ قېشى ئىدى.

— قاراپ تۇرۇپ ئىجارە ھەققىدىنلا بىر بالىنى ئوقۇتىدىغان پۇلدىن قۇرۇق قالىدىغان بولدۇق. قارا قوشنىمىز نىيازمۇ تۆت ئېغىز ئۆي سېلىپ قويۇۋېدى، ھەر ئېغىزىنى ئايلىقىغا يەتمىش يۈەندىن ئىجارىگە بەردى... بىزمۇ...

— بولدى قىل بالام، بالىلارنى ئوقۇتۇشقا ئاۋۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېتىزدىن كىرگەن كىرىمدىن ھەر يىلى ئېلىپ قويۇۋاتىمىزغۇ، شۇنىڭدا ئوقۇتايلى...

يەتتىنچى ئاي كىرىشى بىلەن مەھەللىمىز ئاۋاتلىشىپ كەتتى. نېمىشقا دېسىڭىز قۇمغا كۆمۈلىدىغانلار، شەھەردىن ئىسسىقتىن پاناھلىنىدىغانلار كېلىپ، «ئائىلە ئارامگاھ» لىرىدا تۇرۇشاتتى. بىزنىڭ شىمالدىكى تۇغقانلارمۇ ھەر يىلى كېلىپ، بىزنىڭكىدە بىر، ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قۇمغا كۆمۈلۈپ قايتىشاتتى. مۆرەنىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئەخلەت تۆكۈش دېگەن ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. ئەڭ يامىنى ئىككى قاشقا سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئەۋرەز يوللىرى، يۇندى يوللىرى مۆرەنگە قويۇپ بېرىلگىنى بولدى. تۆۋەن مەھەللىلىكلەر ئاھالىلەر كومىتېتىغا تالاي قېتىم ئەرز قىلغان بولسىمۇ، يەنە شۇ پېتى قېلىۋەردى.

شەھەرنى تۈزەشتە ئۆرۈگەن، چاققان كونا قۇرۇلۇشلارنىڭ خىش - كېسەكى، ئەسكى - تۈسكىسى مۆرەنىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سازلىقلارغا تۆكۈلۈپ تىندۇرۇلۇپ، ئۆيلەر سېلىنىشقا باشلىدى. بۇرۇنقى كىچىك - كىچىك سېسىق سۇ كۆللىرىنىڭ ئورنى ئاۋاتلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دادام پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئورنىدا تۇرالمايلا قالغانىدى، بولۇپمۇ ئۇدۇل قوشنىمىز مۇنۇپئاخۇن ئاكاملار ئۆيىنى سېتىۋېتىپ، مۆرەن بويىدىكى يېرىگە ئۆي سېلىۋېدى، دادام چىدىمايلا قالدى. ئولتۇرسا - قوپسا شۇ مۆرەن بويىغا ئۆي سېلىپ، جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرۈشتە ئىدى. مەنمۇ ئويلاپ

قالدىم، مۆرەن بويىغا ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، قېلىنلىقى بىر مېتىر كېلىدىغان مۇداپىئە تېمى قوپۇرۇپ ئۆي سالغانغا نېمە بولماقچىدى؟ بوۋامنىڭ جاھىللىقىنى دەيمەن.

مانا ھەش - پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. يۇرتىمىزنىڭ تومۇزى يەنە باشلاندى. قۇياشنىڭ ئاچچىقى كەلگەندەك نۇرى بىلەن يىڭنە سانجىشى ئادەملەرنىلا ئەمەس ھايۋانلارنىمۇ، ئۇچار قاناتلارنىمۇ، دەل - دەرەخلەرنىمۇ سالپايتىپ قويغاندى. مۇشۇ ئىسسىقتا قۇمنىڭ تېمپېراتۇرىسى كەم دېگەندە 70 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى بولۇۋاتاتتى، شۇ قۇمغا كۆمۈلىدىغان ئادەملەرنىڭمۇ جىنى تۆمۈركەن. كونىلار قۇم چېچەكلىگەندە قۇمغا كۆمگەن تۇخۇم پىشىدۇ، دەيدىكەن. تۇخۇم پىشقۇدەك ئىسسىقتا قۇمغا كۆمۈلۈش... ئويلىساملا قورققۇم كېلىدۇ. مەنغۇ مۇشۇ ۋاقىتچە بىرەر قېتىممۇ قۇمغا كۆمۈلۈپ باقمىدىم. بۇ يىل تۇغقانلار كەلسە بىر بېرىپ باقمىسام، دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

يەتتىنچى ئاينىڭ كىرىشى بىلەن جاھانغا ئوت كەتتىمۇ نېمە؟ دېگۈدەكلا ئىسسىق بولدى. چوڭلارنىڭ قوللىرىدا بىردىن يەلپۈگۈچ، كىچىك باللار يالىڭاچ يۈرۈشەتتى. ئاتام ئىككىمىز ئىسسىقتا تەرلەپ پىشىپ قوي - ئۆچكىلەرنى قىرقىپ، «جۇۋىسىنى سالدۇرۇۋەتتۇق». يوغان قويلارمۇ قوزىدەك كىچىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈپ، باققىنىمىزغا چۈشلۈق سەمىرمىگەندەك بىلىنەتتى.

«ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات»تا يۇرتىمىزدا «يامغۇر ياغىدۇ» دېيىلدى، ھەممە ئادەم خۇشال بولۇپ كەتتىمىكىن دەيمەن. ئەتىسى ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ، نەچچە تال يامغۇر يېغىپ يەنە ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. ئېچىلىشىغۇ مەيلى ئىدى، شامال يوق بولغاچقا، نەم ھاۋا بەكمۇ دىمىق بولۇپ، نەپەسلىنىشىمۇ تەس بولۇپ كەتتى. قوي ــ كالىلارمۇ مەرىشىپ تىنچىق ھاۋاغا نارازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

نەچچە كۈن ئۆتۈپ يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىشقا باشلىدى. بوۋام بىردە ئاسماندىكى سارغۇچ، قارىيىپ كېلىۋاتقان بۇلۇتلارغا قاراپ ئۇھسىنسا، بىردە يىراقتىكى تاغلار تەرەپكە قاراپ ئېچىدە نېمىنىدۇر پىچىرلايتتى.

شۇ كېچىسى شۇنچە راھەت ئۇخلاپتىمەن. يامغۇردىن كېيىنكى ساپ ھاۋا، تەڭگە داۋا دەپتىكەن. قويلارنى دوستلىرىم بىلەن مۆرەن ئوتلىقىغا قويۇپ بېرىپ تازا ئوينىدۇق. قويلارنى مۆرەندىن چىقىرىپ بولا ــ بولماي ئېقىننىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ئالا ــ توۋا قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. شۇنداق قارىساق مۆرەننىڭ يۇقىرىسىدىن تولغىنىپ ھەممىنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان ئەلپازدا كېلىۋاتقان سارغۇچ ئەجدىھانى كۆردۇق. بىزمۇ بەدەر قاچتۇق. «كەلكۈن!» بۇ ئاۋاز پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئالدى. سۇ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ مۆرەننىڭ

ئىككى قىشىدىكى دەرەخلەرنى قومۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى. يىغا - زار كوچەيگىلى تۇردى.

مەن بۇرۇن كەلكۈن كەلگەنلىكىنى كۆرگەن، ئەمما بۇنداق دەھشەتلىك كەلگەنلىكىنى پەقەتلا كۆرمەپتىكەنمەن. ھەممىدىن چاتاق بولغىنى، يۇقىرى مەھەللىلەردىن ئېقىتىپ كەلگەن ياغاچ - تاشلار مەھەللىمىزنىڭ چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ ئىككى ئەگمىسىگە كەپلىشىپ قېلىپ، سۇ كۆۋرۈكتىن ھالقىپ ئىككى مېتىر ئېگىزدىن گولدۇرلەپ چۈشۈشكە باشلىدى. بۇنداق دەھشەتلىك كۆرۈنۈش ئادەمگە ۋەھىمە ئېلىپ كېلەتتى. مانا دادام ئۆي سالىمەن دەپ يۇرگەن مۆرەن بويىدىكى تار، ئۇزۇنراق ئۈچ پارچە ئېتىزىمىزنى كەلكۈن يۇتۇپ كەتتى.

— ئەمدى كەلكۈننىڭ جېنى بوشاپ كەتتى، قاراڭلار سۇ شارقىرىغىلى تۇردى، — دېدى ئارىدىن بىرى.

— ياق، كەلكۈننىڭ ئوتتۇرسى ئېگىز، ئىككى يېنى پەس ئېقىۋاتىدۇ، قارىغاندا كېچىچە كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— قاچان، قايسى زاماندىن بېرى بۇنداق ئۇلۇغ كەلكۈن كەلمىگەن بولغىيتى؟

— ۋاي، چاتاق بولدى!

— قاراڭلار، قارشى قىرغاقتىكى قۇربانئاخۇننىڭ ئۆيىنى ئۆرۈۋەتتى.

— ئاپلا، قاراڭلار تېلېفون سىمىنى...

— قېچىڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممە ئادەم قاچتى. شىددەت بىلەن ئۇرۇلغان دولقۇن بايا بىز تۇرغان جايىنى يالماپ چېكىندى.

— يا ھەزرەت، نېمە ئالامەت بۇ؟

— توپان بالاسىمۇ نېمە بۇ؟

— راست، نەچچە يىلدىن بېرى پادىچىلار يامغۇر تىلەپمۇ ياغدۇرالمىغانىدى.

— ۋاي، ئىسىت، قاراڭلار، يوتقان - كۆرپە، گىلەملەر لەيلەپ كېتىۋاتىدۇ.

— قايسى بىچارىنىڭ گىلەملىرى بولغىدى، تېڭىقلىق ئىكەن تېخى.

— ئاۋۇ قويلار ئۆلۈپ قالارمۇ؟

كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىۋاتقان نەرسىلەرگە قاراپ تۇرۇشتۇق، قاراپ تۇرماقتىن باشقا نېمە ئامال بار. ھېلىمۇ مۆرەن بويىدىكى ئۆيلەردىكى نەرسىلەرنى مەھەللىدىكى كىچىك - چوڭلار توشۇپ بولغانىدۇق. شۇ چاغدا ئىككى ماشىنا ھەربىي كېلىپ مۆرەن بويىنى قامال قىلدى، مۆرەن بويىغا ھېچكىمنى كەلتۈرمىدى ۋە قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتتى. يارىلانغانلارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىشتى.

كەلكۈن ئەتىسىمۇ توختايدىغاندەك ئەمەس، بىراق تۈنۈگۈنكىدىن ياۋاشلاپ قالغانىدى. مۆرەن بويىدىكى كىشىلەردىن 30 ئائىلە، مەكتەپ، كەنت كومىتېتى ئىشخانىسى دېگەندەك ئورۇنلار بىخەتەر جايلارغا تارقاقلاشتۇرۇلدى. دادام بوۋامغا قاراپ:

— ئاتا، سەن كەلكۈن كېلىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك مېنى توسۇپسەن — ھە!
— مەن كەلكۈن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، بالام. بىراق شۇ ئىسسىقلاردا بولسۇن، ھەممە نەرسىنىڭ قانۇنىيىتى بولىدۇ. شۇ قانۇنىيەتكە بويسۇنساڭ ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. 60 يىل بۇرۇن بىر كەلكۈن كەلگىنى ئېسىمدە، كىم سۇنىڭ قەدرىنى بىلمىسە سۇنىڭ ئۇۋالىغا قالىدۇ، بالىلىرىم.
كەلكۈن توختاپ مۇداپىئەلىنىش توسمىسى قۇرۇش، كېيىنكى ئاپەتنى ئازايتىش، يۇرت - ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇش، ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇش چاقىرىقى بويىچە پۈتۈن يۇرت تەۋرەپ كەتتى. ھەرقايسى ئىدارە - ئورگانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ھەربىي رايوندىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر تۇشمۇتۇشتىن كېلىپ ئىشلەشكە باشلىدى. بىز ئۆمرىمىزدە كۆرۈپ باقمىغان ھەر خىل كىران، توپا تۇرتۇش ماشىنىسى، توپا ئۇسۇش ماشىنىلىرى ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ھاۋانىڭ ئىسسىقنى دېمەيلا قويايلى، كۈچلۈك ئاپتاپ ئادەمنى يىڭنە سانجىغاندەك چاقاتتى. ھەممە ئادەمنىڭ قولىدا دېگۈدەك مىنېرال سۇ بوتۇلكىسى بار ئىدى. ئىچىپ بولۇپ قىرغاققا تاشلىناتتى. توساتتىنلا كاللامغا بىر ئەقىل كىردى، شۇ زامات ئۆيگە كىردىم - دە، قىزىل سىياھ بىلەن ئۈچ تاختايغا «ئەخلەت يىغىش ئورنى» دەپ يېزىپ، ئىشلەۋاتقان ئۈچ ئورۇنغا قاداپ قويدۇم. ئۆزۈم ئىككى خالتىنى كۆتۈرۈپ قۇرۇقدالغان ھەر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بوتۇلكىلارنى يىغىپ بىر دەمدە خالتىنى توشتۇرۇۋەتتىم.

— ھە، شاكىچىك، خالتىلىرىڭ توشۇپ كېتىپتۇغۇ. مە، ئالە ماۋۇ خالتىنى ساڭا بېرىپ تۇراي، قۇرۇق بوتۇلكىلارنى قاچىلاپ ئۆيۈڭگە ئەكىرىۋېلىپ ئاچىقىپ بەر، قۇم توشۇيمىز، — دېدى بىر ھەربىي كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ مېنىڭ ئەخلەت يىغىش ئورنۇمغا يېرىم كۈندە بەش يۈزدىن ئوشۇق بوتۇلكا يىغىلدى. كېرەكسىز سولياۋ خالتا قاتارلىق ئەخلەتلەرنى يىغىپ قويۇۋېدىم، تونۇگۈندىن ماڭا ئانچە - مۇنچە ياردەملەشكەن 50 ياشلاردىكى تاغام:

— بۇلارنى مەن ئالغاچ كېتىپ ئەخلەت تۇڭغا تاشلىۋېتەي. بۇ دېگەن ئاق بۇلغىنىش. يارايسەن بالام، — دەپ ماختاپ قويدى.

بۇۋام كۈندە ئىسسىق چاي قاينىتىپ ئەمگەك مەيدانىدىكى ئەسكەرلەرگە ۋە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئورنىدىكى ئاكا - ھەدىلەرگە ئاچىقىپ بېرىپ تۇردى. ئۇلار بۇۋامنىڭ 60 يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق قاتتىق كەلكۈن كەلگەندىن بۇيان بۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىقى ئىكەنلىكىنى، بۇرۇن مۆرەننىڭ نەقەدەر گۈزەل، بوك - باراقسان ئورمانلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كىملەردۇر خاتىرىلىرىگە يېزىۋالدى.

ئۈچ كۈندە مەن يىغقان قۇرۇق بوتۇلكىلارنى ساتقاندىم، 75 يۈەن بولدى. بۇنىڭدىن 50 يۈەننى كەنت مەكتىپىگە ۋاقىتلىق ئولتۇراقلاشقان ئاپەتكە ئۇچرىغان قېيىنچىلىقى بار مۇنۇپئاخۇن ئاكاملارغا ئۇن

كىلوگىراملىق خالتىدىكى گۆرۈچتىن بىر خالتا، ئۇندىن بىر خالتا ئېلىپ يوقىلىدۇق. قالغان 25يۈەنگە ماش ئەكېلىپ ماشقايناق قىلىپ، 43 سېلىسىيە گىرادۇسلۇق ئىسسىقتا تەر ئاقتۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ئاكا ـ ھەدىلەرگە ئاچىقىپ بەردۇق. ئۇلار مېنىڭ تەرگەن ئەخلەتلەرنىڭ پۇلىغا ماش سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا ئېلىپ چىققانلىقىمنى بىلىپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپلا كەتتى.

ــ ھەي، بالام، ئىسمىڭ نېمە؟

ــ ...

ــ نېمىشقا ئېيتمايسەن؟

ــ مەن سىلەرگە قوشۇلۇپ ئىشلىگۈدەك بولغاندا ئىسمىمنى دەپ بېرەي، ــ دېدىم كۈلۈپ. دەل شۇ چاغدا دوستۇم تۇرغان چاقىرىپ قالدى.

ــ ئۈمىد، ھوي ئۈمىد، بوۋاڭ چاقىرىۋاتىدۇ.

ئۇلار مېنىڭ كەينىمدىن:

ــ ئۈمىد!ــ دەپ چاقىرىشتى. مەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قارىغىنىمدا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىد تەبەسسۇمى جىلۋىلىنىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# غۇر - غۇر شامال

ئاسماندىكى لەگلەكنىڭ لەيلەپ بارغانسېرى پەسلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولغان تاھىر بۇدرۇققىنە قوللىرىغا توپا ئېلىپ سورۇپ باقتى. شامال يوق ئىدى. ئۇ تەرلەپ كېتىپ، چاپىنىنى بىلەن شەپكىسىنى خاماننىڭ سوقما تېمىغا قۇيۇپ قويغىلىمۇ خېلى بولغانىدى. ئۇ بارغانسېرى ياشىرىۋاتقان سۆگەتلەرگە قارىغىنىچە لەگلەكنىڭ يىپىنى يۆگەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇدۇرۇققىنە قوللىرى يىپ يۆگەشكە شۇنداق كېلەتتى. قولى تالدى بولغاي، ئۇ سەل ئارام ئېلىۋالدى. شامال بارغانسېرى پەسىيىپ كېتىۋاتقاچقا، لەگلەكنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئوينىشىمۇ ئاستىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يىپنى بىر نەچچە سىلكىپ تارتىپ قۇيۇپ يەنە يۆگەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قولى تالدى. بايا شامال كۈچلۈك چىققاندا قولىدىكى غالتەك غارىلداپ يىپى ئۆزلۈكىدىن قويۇپ بېرىلگەن بولسا، ئەمدى ئۇنىڭغا يىپىنى يۆگەش تەس كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپ باقتى. لەگلەك بارغانسېرى پەسلەپ تېرەك بويى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئەمدى تېز يۆگىمىسە لەگلەكنى كۆل بېشىدىكى تېرەكلەرگە ئىلىنىشىپ قالاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ

ئاۋۇ تېرەكلەرنىڭ بېشىدىكى يىپپى ئۈزۈلگەن نەچچە لەگلەك ئۇنىڭ مىڭ تەستە ياسىغان لەگلەكلىرى ئىدى.

قېرىشقاندەك جەنۇبتىكى سايدىن ئاسماننىڭ تۆۋرۈكىدەك چوڭ بىر قۇيۇنتاز كېلىپ قالدى. ئۇ يىپنى تولا يۆگەپ تېلىپ كەتكەن قوللىرىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. قۇيۇنتاز بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىپ ئۇنىڭ لەگلىكىنى يىپىدىن ئۈزۈپ ئاسمانغا ئاچقىپ كەتتى. تاھىر قوشاق ئېيتىپ قۇيۇنتازنى قوغلاپ يۈگۈردى.

«قۇيۇنتاز، قۇيۇنتاز،
يىڭنەم بار سانجىمەن.
مىلتىقىم بار ئاتىمەن...»

ئۇ قۇيۇنتازغا يېقىنلاشقاندا «قۇيۇنتاز دېگەن ئالۋاستىلار كۆچكەندە چىقىدۇ. قۇيۇنتازغا يېقىنلىشىش خەتەرلىك ...» دېگەن گەپ يادىغا كېلىپ، ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ياخشى ياسالغان لەگلىكىنى قۇيۇنتازغا تارتقۇزۇپ قويغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۈزۈلۈپ قېپقالغان يىپنى يۆگىگىنىچە مەيۈس هالدا ئۆيىگە قايتتى.

دوستلىرى شەهەرگە قوش تىللىق مەكتەپكە كەتكەندىن بۇيان ئۇ شۇنداق يالغۇز ئوينايدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇ قويلارغا قوناق شېخى سېلىپ بېرىپ، بىر تال غولى كۆك قوناق شېخىنى ئېلىپ چايناشقا باشلىدى. توساتتىن سامانلىقتىن قاقاقلاپ چىققان مېكيان ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. «دەم ئېلىش بولمىسىمۇ بولامدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

نېمە؟! نېمىدېگەن زېرىكىشلىك كۈنلەر بۇ! ئابلىمىت بىلەن تۇرسۇنمۇ شەھەرگە كەتتى. زۇلپىيە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي تاغىسىنىڭ كۆچىدە ئوقۇشقا مېڭىۋېدى، چىنارخانمۇ تولا يىغلاپ ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتىپ ئۇمۇ كەتتى... مەن ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بىلەن ياتاق پۇلى، تاماق پۇلىنى ئاپامنىڭ ئايدا - ئايدا ئەۋەتىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ توختاپ قالدىم. ساقچىلارنىڭ «ھاراق ئىچىپ موتورلۇق قاناش قوراللىرىنى ھەيدىمەسلىك...» ھەققىدىكى يىلدا بىرەر قېتىم كېلىپ ئاچىدىغان تەشۋىقات يىغىنلىرىنى ئاتاممۇ ئاڭلىغان. ئەمما، مانا ئەمدى مەست ھالدا موتوسىكلىت مىنىپ ئادەم سوقۇپ قويۇپ، ساقچىخانىدا يېتىپتۇ. ئۆيدىكى بار بىساتنى سېتىپ نۇرغۇن پۇل تۆلەپ، يارىلانغان كىشىنىڭ داۋالىنىشىغا بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ شەھەرگە كىرىپ ياتاقلىق مەكتەپتە، قوش تىللىق سىنىپتا ئوقۇش ئارزۇيۇم يوققا چىقتى...» تاھىر چار بازارچىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ خىياللاردىن ئويغىنىپ كوچىغا چىقتى.

— ئەرزان بېرىمەن، ئەرزان. غوزەك پاختىسى، سېسىق ئۆزۈمگىمۇ تېگىشىمەن.

بالىلار نېمىنى ئەرزانغا بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپتىن ئالدىراپ يېتىپ كېلىشتى.

— گازىر، يەر ياڭىقى، دادۇر...

— مۇشۇلىما؟

— بۇلاردىن باشقا نېمە ئالاتتىڭ؟
— رەسىملىك كىتاب.
— كىچىككىنە تۈرۈپ كىتاب خالتىسى بولمەن دەپسەن ـ دە؟
— ياق، رەسسام بولىمەن.
تاھىرمۇ ئۆيدىن بىر سېۋەت غوزەك پاختىسىنى ئېلىپ چىقتى.
ئۇ گازىر، يەر ياڭىقى، دادۇرلاردىن غوزەك پاختىسىغا كېلىشىگە ئېلىپ سېۋىتىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە يېنىپ كىردى. ئاتىسىنىڭ ئالدىغا گازىر، يەر ياڭىقى، دادۇرلارنى قويۇۋېدى، بىچارە ئاتىنىڭ كۆزىگە لۆممىدە ياش كەلدى.
تاھىر قولىغا قەلەم ئېلىپ ساۋاقداشلىرىنىڭ شەھەردىكى مەكتىپىنى خىيالەن سىزدى. سىزغانسېرى ئۆزىنىڭمۇ شۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇسى كەلدى. ئۇ شەھەردىكى مەكتەپنى تولا سىزىپ ئۆزىنى شەھەردىكى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.
تاھىرنىڭ رەسىم سىزىدىغانلىقىنى بوستان كارىزدىكى ھەممەيلەن بىلىدۇ. ئۆتكەندە ئاپىسىنىڭ دوستلىرىدىن مەڭنىساخان ئايلا:
— تاھىرجان، ماۋۇ ياستۇقنىڭ گۈل نۇسخىسىنى ماۋۇ رەختكە كۆچۈرۈپ بەر، — دەپ ئالدىغا چىرايلىق كەشتىلەنگەن ياستۇق بىلەن بىر پارچە ئاق رەختنى قويدى.
— مەن، گۈل سىزالمايمەن.
— قوي، ئۇ گېپىڭنى، ئات، كالا، توخۇلارنى سىزغان يەردە بۇ گۈلنى نېمىشقا سىزالمىغۇدەكسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ تاھىر بوش ۋاقىتلىرىدا گۈل نۇسخىلىرىنىمۇ سىزىدىغان بولدى. يوتقان تېشى، ياستۇق قېپى، كىيىم ياپقۇچلارنىڭ گۈل نۇسخىلىرىنى شۇنداق ئوبدان سىزىدىغان بولۇپ قالدى.

تاھىرنىڭ زېرىكىشلىك كۈنلىرى رەسىم سىزىش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ رەسىمگە ئۇستىلىقى قوشنا كارىزلارغىمۇ پۇر كەتتى. مەكتەپتىمۇ تام گېزىتى، قارا تاختىلارنىڭ نەقىش، رەسىملىرىنىڭ ھەممىنى ئۇ سىزاتتى. رەسىم ئوقۇتقۇچىسى تۇرسۇنگۈل مۇئەللىم ئۆزىنىڭ خىزمىتىنىڭ يېرىمىنى تاھىرغا يۆكلەپلا قوياتتى. تاھىر تۇرسۇنگۈل مۇئەللىمنىڭ قەغەز، بوياقلارنى ئايىماي بېرىدىغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ئەگەر تۇرسۇنگۈل مۇئەللىم بەرمىسە قەغەز بىلەن بوياقنى بازاردىن ئېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. تۇرسۇنگۈل مۇئەللىم تاھىرنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل ئىدى. تېز سىزما سىزىشتا تۇرسۇنگۈل مۇئەللىممۇ ئۇنىڭغا يەتمەيتتى. تۇرسۇنگۈل مۇئەللىم دائىم ماختاپ ئىلھام بېرىپ تۇراتتى.

— تاھىر، سىدام سىزمىنى مەندىن ياخشى سىزىدىغان بولۇپ كەتتىڭ، جۇمۇ. يەنىمۇ تىرىش. مۇسابىقە بولسا چوقۇم سېنى قاتناشتۇرىمەن. سەن ئالتۇن مېدال ئالالمىغان تەقدىردىمۇ چوقۇم كۈمۈش مېدال ئالىسەن.

— راستمۇ، مۇئەللىم.

— راست، بولمايچۇ؟ سەن يېزا تۇرمۇشىنى سىزىشقا بەك ماھىر. مۇشۇ ئەتراپتىكى كارىزلارنىڭ

مەنزىرىلىرىنى سىزغان ھېلىقى «يۇرتۇم» دېگەن رەسىمىڭ بەك ياخشى چىققان.

تاھىر شۇنىڭدىن باشلاپ بوستان كارىزدىكى ياشانغان كىشىلەرنى ۋە دوستلىرىنى ئېرىنمەي سىزىپ چىقتى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرغانلارمۇ بار ئىدى.

— تاھىر، جان - جانىۋارلارنىڭ رەسىمىنى سىزساڭ ئۇ دۇنياغا بارغاندا، ئۇ جان - جانىۋارلارنىڭ رەسىملىرى «جېنىمىزنى بەر!» دەپ تۇرۇۋالغۇدەك، قانداقمۇ قىلارسەن؟

— جان - جانىۋارلارنىڭ رەسىمىنى سىزغان ئادەم جېنىنىمۇ سىزىپ بېرىدۇ - دە.

...

تۇرسۇنگۇل مۇئەللىم تاھىرنىڭ رەسىمى بىلەن ئون ساۋاقداشنىڭ سىزمىلىرىنى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇشقا تەييارلىدى. پوچتىدىن سالىدىغان چاغدا تاھىرنى ئېلىۋالدى. يېزا مەركىزىدىكى پوچتا پونكىتىغا كىرىپ ھەممە رەسىميەتلەرنى تاھىرغا كۆرسىتىپ قويدى.

— ھەممىنى تەپسىلىي كۆرۈۋالدىڭ. ئەمدى سىزغان رەسىملىرىڭنى مۇناسىۋەتلىك گېزىت - ژۇرناللارغا ئەۋەتسەڭ بولىدۇ.

تاھىر لېپاپنى پوچتا خادىمىغا بېرىۋاتقاندا يۈرىكى رىتىمسىز سوقۇپ، قەلبى لەرزىگە كەلدى.

كۈنلەر تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ ھېلىقى مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىنى پات - پات تۇرسۇنگۇل مۇئەللىمدىن سوراپ تۇراتتى. تۇرسۇنگۇل مۇئەللىم:

— خاتىرجەم بول، ئۇلار چوقۇم مۇسابىقە نەتىجىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىزگە ئەۋەتىدۇ. مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە بولغاچقا، ئۇلارغا نۇرغۇن رەسىم كېلىدۇ. ئۇنى باھالاشقىمۇ بىرمۇنچە ۋاقىت كېتىدۇ، — دېدى.

تاھىر ئۇ مۇسابىقىنى ئۇنتۇپ كەتتى. قىشلىق تەتىل تۈگەپ مەكتەپكە كەلدى. ئىككىنچى كۈنى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مەكتەپ مۇدىرى خۇشال ھالدا:

— مەكتىپىمىزنىڭ ئالتىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسى تاھىر تۇرسۇننىڭ بىر پارچە رەسىمى مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر رەسىم مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى، — دەپ ئېلان قىلدى.

تاھىر قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ بويىنىغا قىزىل، كۆك، سېرىق... رەڭلىك لېنتىغا ئېلىنغان ئالتۇن مېدال بىلەن قىزىل دۇخاۋا قاپلانغان شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى ئالغاندا يىغلىۋەتكىلى قىل قالدى. ئۇنىڭ بويى بىردىنلا يېنىدىكى بايراق خادىسىدەك ئۆسۈپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. «شەھەردە ئوقۇيالمىسام نېمە بوپتۇ، يېزىدا ئوقۇپمۇ تىرىشسىلا ئۇتۇق قازىنىدىكەنمەنغۇ؟ مەن تىرىشىپ ئوقۇپ شەھەرگە كەتكەن ساۋاقداشلىرىمدىن ئېشىپ چۈشىمەن» ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە بېرىۋاتقاندا، غۇر - غۇر شامالدا تېرەك بويى كېلىدىغان بايراق خادىسىدىكى بايراق لەرزان لەپىلدىمەكتە ئىدى. ئۇ بۇلتۇرقى رەسىمىنى ئۆزى سىزغان ھېلىقى چىرايلىق لەگلەكنى ئويلىدى. غۇر - غۇر شامال توختىماي سوقماقتا ئىدى.

# سومكا

## 1

ئاپام ئۆينى پاكىزە، رەتلىك تۇتىدىغان ھەم ئۆزىنىمۇ ئوبدانلا تۈزەشتۈرۈپ يۈرىدىغان ئايال. ئاپامنىڭ قارىشىچە، ئايال كىشى دېگەن ئۈستىگە بىر تال يىپ ئارتىسىمۇ، يارىشىدىغان رەڭدىكىسىنى تاللاپ ئارتىشى كېرەك ئىكەن. ئاپامنىڭ كىيىمىگە تاقايدىغان مېداليونلىرىمۇ خېلى بار، ئادەتتىكى رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملىرىمۇ، قىممەت باھالىق رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملىرىمۇ بار. ئاپام كىيىم قىممەت بولسىلا ھېساب ئەمەس، مۇھىمى ئۇنى ياراشتۇرۇپ كىيىشتە دەپ قارايتتى. قوشنىلارمۇ بازارغا كىيىم ئالغىلى چىقسا كۆپىنچە چاغلاردا ئاپامنى بىللە ئېلىپ چىقىدۇ.

ئاپامنىڭ كىيىم ئىشكاپىدا ھەر خىل پاسون، ھەر خىل رەڭدىكى سومكىلار رېتى بىلەن تىزىقلىق تۇرىدۇ. ئاپام كىيىمگە باققاندا سومكىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ھەتتا بەزى سومكىلارنى چەت ئەللەردىن ئەكەلدۈردى. بۇ سومكىلار ئاپامنىڭ يارىشىملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىيىملىرىگە شۇنداق ماسلىشاتتىكى، كىيىمنىڭ بىر بۆلىكىدەكلا تۇيغۇ بېرەتتى.

بىز باللار ئاپىمىزغا ئامراق، چىرايلىق ئاپىمىزغا تېخىمۇ ئامراق. كىم ئاپىسىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى خالىمايدۇ؟ ئاپامنىڭ سىنىپ يىغىنلىرىغا يارىشىملىق كىيىنىپ بېرىشى، كۇلۇمسىرەپ مۇئامىلە قىلىشلىرىنى ئوغۇل - قىز ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ماختايدۇ. ساۋاقداشلىرىم، ئاپاڭ بەك چىرايلىقكەن دەپ ماختىسا، چىرايلىق ئاپامنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ كېتىمەن.

بەزىلەر ئاپامنى ياسانچۇق، «كىيىم مودىلى...» دېيىشىدىكەن. ئاپامنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنى ئۇلار قىممەت باھالىق كىيىملەر دەپ قالغان چېغى. شۇنداق دېگۇچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاپامنىڭ ئادەتتىكى پىششىق رەختلەردىن ئۆزى پاسون تاللاپ كىيىم تىكتۈرۈپ كىيىۋالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاپام كىيىم توغرىسىدا گەپ بولغاندا: «كىيىمنىڭ قىممەت بولغىنى ئېسىل ئەمەس، بەدەنگە ياراشقىنى ئېسىل» دەيتتى.

ئۆتكەندە ماڭا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بېرىمىز دەپ ئاتام ئىككىسى مېنى بازارغا ئېلىپ چىقتى. ئاپام چوڭ سودا سارىيىدىن بىر سومكىنى كۆرۈپ ئالماقچى بولدى. مەنمۇ بىر كىچىككىنە قول سومكىسى بەك قىممەت بولسا ئوتتۇز، قىرىق يۈەن بولار دەپ ئويلاپتىمەن. نەدىكىنى ئۈچ يۈز سەكسەن يۈەن ئىكەن.

— مۇشۇ سومكا ئۈچ يۈز سەكسەن يۈەنما؟

— بۇ دېگەن جىڭ خۇرۇمدىن تىكىلگەن داڭلىق ماركىلىق سومكا.

ئاتام سەل ئارىسالدى بولغاندەك بولۇپ:

— سەل قىممەتمۇ قانداق؟ — دېدى.

— سومكىلىرىم ئېسىل، يارىشىملىق بولغاچقا كىيىملىرىمنىڭ رەختى ئادەتتىكىچە بولسىمۇ چانماي كېلىۋاتىدۇ، بۇ سومكىنى ئالغىنىم ئالغان.

— ئۇنداقتا، بەختىيارغا ۋېلسىپىتنى قانداق قىلىمىز؟

— ئۇنىمۇ ئالىمىز.

— پۇل كەملەيدۇ.

مەن ئاپامنىڭ ئاغزىغا قارىدىم. ئاپام «پۇل يەتمىسە كېيىن ئېلىپ بېرەرمىز» دېگەنلا بولسا، سودا سارىيىمدىن يۈگۈرگەنچە چىقىپ كەتكەن بولاتتىم.

ئۆتكەندە دوستلىرىم قەيسەر بىلەن ئادىلنىڭ ۋېلسىپىتىدەك مۇسابىقە ۋېلسىپىتىنى كۆرۈپ ئاتامغا نەچچە رەت كۆرسەتكەنىدىم. بۈگۈنمۇ ئۇدۇل شۇ ۋېلسىپىتنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئاتام بىردە ۋېلسىپىتكە، بىردە باھاسىغا قاراپ ۋېلسىپىتتىن ئېغۇن تېپىشقا باشلىدى.

— بۇ ۋېلسىپىتنىڭ تورمۇزى تازا ياخشى ئەمەس ئىكەن. تورمۇز ياخشى بولمىسا بولمايدۇ، بالام.

— ئاتاڭ توغرا دەيدۇ، قوزام. ئاۋۇ ۋېلسىپىتنى كۆرۈپباق.

غۇزژىدە ئاچچىقىم كەلدى. ۋېلسىپىت ئالىدىغان پۇلنىڭ يېرىمىنى خەجلەپ ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى

سومكىنى ئۈچ يۈز سەكسەن يۈەنگە ئالساڭ، ئەلۋەتتە مېنىڭ كۆزۈم چۈشكەن ۋېلسىپىتتىن ئېۋەن كۆپ چىقىدۇ - دە!

دومسىيىپ جىم تۇرۇۋالدىم. ئۇلار كۆرسەتكەن ۋېلسىپىتنى ئېلىپ بەرسە دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا قانداق مىنىمەن. قېرىلارمۇ مىنىمەيدۇ ئۇنداق ۋېلسىپىتنى. تېخى: «ئۇكاڭنى مىندۇرۇپ بازارلارغا ئېلىپ چىقساڭمۇ بولىدىكەن. بەزىدە ئالدىراپ قالغاندا ئاتاڭمۇ مىنسە...» دېيىشلىرىچۇ تېخى. پۇلغا چىدىمىغان ئادەم بۇ ۋېلسىپىتنى ئاتامغىلا ئېلىپ بەرسە بولمىدىمۇ؟

شۇنداق قىلىپ ۋېلسىپىتنى ئالماي قايتىپ كەلدۇق. ئاتام بىلەن ئاپام ئىككىسى «كېيىنكى ئايدا ئېلىپ بېرىمىز» دەپ ۋەدە بەردى. كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى. ئاپامنىڭ ھېلىقى كىچىككىنە سومكىنى ئۈچ يۈز سەكسەن يۈەنگە ئالغانلىقى ئىدىيەمدىن زادى ئۆتمىدى. ئۆتكەندە ئاتام قۇربان ھېيتلىق قوينى ئۈچ يۈز ئەللىك يۈەنگە ئالغانىدى. ئاپامنىڭ سومكىسى شۇ قويدىنمۇ قىممەت توختىدى. ئاپام شۇ سومكىنى بىلىكىگە ئېسىپ ماڭسا، نېمىشقىدۇر ئاپام بىلىكىگە بىر سومكىنى ئەمەس، بىر قوينى ئېسىۋالغاندەك تۇيغۇدا بولىدىغان بولۇپ قالدىم.

**2**

ئاتاملار ۋەدىسىدە تۇرۇپ دوستلىرىمنىڭكىدەك

ۋېلسىپىتنى ئېلىپ بەردى. ئەمدى ئۇكام ئىليارمۇ كىچىك ۋېلسىپىتنى ياراتماي مېنىڭ ۋېلسىپىتىمنى مىنىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. مەن سەللا نېرى بولسام ۋېلسىپىتنى ئېلىپ قاچىدىغان بولىۋالدى. ئۇنىڭ تارتىۋېلىشىمدىن ئەنسىرەپ ۋېلسىپىتنى ئۇچقاندەك مىنىشى، مېنىمۇ ئويغا سېلىپ قويدى. ۋېلسىپىتىمنىڭ قولۇپىنى قانداق ئاچقاندۇ دەپ ھەيران قالاتتىم. قانداق ئاچىدىكىن، دەپ ئۇنى پايلىدىم. ئەسلىدە ئۇ ۋېلسىپىتنىڭ زاپاس ئاچقۇچىدىن بىرنى ياستىۋالغانىكەن ئەمەسمۇ؟ خەپ، قولۇپنى ئالماشتۇرۇۋەتمىسەم.

ۋېلسىپىتنى كۇندە سۇرتۇپ، بوشىغان ۋىنتىلارنى چىڭىتىپ يۇرگىنىمنى كۆرگەن ئۇكام چىدىماي قالدى. ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئۇنى - بۇنى سوراپ قۇياتتى ۋە ئۇمۇ بىر ئامبۇرنى قولىغا ئېلىپ ۋىنتىلارنى چىڭىتاتتى. ئۇنىڭ ۋېلسىپىتنى مىنىپ ماڭسام، ئارقامدىن ئەگىشىپ يۇگۇرۇپ قورۇدىن چىققانلىقىنى كۆرسەم ئۇنىڭغا ئىچىممۇ ئاغرىپ قالاتتى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم ئەمەسمۇ؟

بىر كۇنى ئائىلىمىزدىكى تۆت جان كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندا، ئىليار:

— ئاتا، ماڭىمۇ ئاكامنىڭكىدەك ۋېلسىپىت ئېلىپ بېرىڭلار؟ — دېدى.

— سەل چوڭ بول.

— ھېلىمۇ سەككىز ياشقا كىردىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئاكاڭ ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە ۋېلسىپىتنى ئېلىپ بەردۇق. سەنمۇ...

— ئاپام بىر ۋېلسىپىت كېلىدىغان پۇلغا بىر كىچىك سومكا ئالسا بولىدىكەنغۇ؟

— ئاپاڭ دېگەن، ئاپاڭ!

— بالام، مەنمۇ باشقا ئاياللاردەك چىرايلىق كىيىنىپ يۈرسەم ساڭىمۇ ياخشىدۇ؟ سەت كىيىنىپ يۈرسەم مەيلىمۇ-يە؟

— سومكا دېگەن باشقا گەپ.

— ئىلىيار، بولدى قىل!

ئىنىمنىڭ كۆڭلىنى دەپ ۋېلسىپىتىمنى ئۇنىڭغا بېرىپ تۇرىدىغان بولدۇم. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ماڭا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ كەمپۈتلىرىنى بېرەتتى. ئىنىمنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، ئۆتكەندە ۋېلسىپىتنى قولۇپلىۋېلىپ ئۇنىڭغا تۇتقازمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلدىم. ئىنىم ئىككىمىز تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتۇق، ئىنىم تۇيۇقسىز:

— ئاكا، ئاپام ھېلىقى سومكىنى ئېسىپ يۈرسە سەن قانداق تۇيغۇدا بولىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئىشقىلىپ دەپ باقە، قانداق تۇيغۇدا بولىسەن؟

— ئاپام چىرايلىق بولۇپ، ياشىرىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولىمەن، سەنچۇ؟

— ئاپام شۇ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭسا قولىغا بىر ۋېلسىپىتنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندەك تۇيغۇدا بولىمەن.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن.

— رەسىمنى سىزىپ بېرەمەنمۇ - يا؟

— قېنى سىزە، مەن بىر كۆرۈپباقاي.

ئىنىم رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى، تاپشۇرۇقلىرىم تۈگەي دېمەيتتى. ئۇ رەسىمنى سىزىپ بولۇپ ماڭا كۆرسەتتى. كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ سىزغان رەسىمىدە ئاپام چىرايلىق كىيىنىپ، قولىغا ئىككى قاتلانغان ۋېلىسىپىتنى كۆتۈرگىنىچە ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىنى كىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئىنىم ئىككىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بىزنىڭ كۈلكىمىزنى ئاڭلىغان ئاتام كىرىپ نېمىگە كۈلگەنلىكىمىزنى سوراپ قالدى، مەن:

— ئىلىيار ئاپامنىڭ سومكىسىنى سىزىپتۇ، كۆرۈپباق، — دەپ رەسىمنى ئاتامغا ئۇزاتتىم.

ئاتام رەسىمنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى. بىزنىڭ كۈلكىمىزنى ئاڭلىغان ئاپام كىرىپ رەسىمنى كۆرۈپ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى.

## 3

ھەر يىلى تەتىلدە ئاتامنىڭ يۇرتى تۇرپانغا بېرىپ بىرەر ئاي تۇرۇپ چىقاتتىم. ئىنىمنى ئاپام «كىچىك» دەپ مەن بىلەن بىرەر قېتىممۇ ئەۋەتىپ باقمىغانىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان تۇغقىنىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆمەرجان ئاكامنىڭ تەتىل بولۇشىنىلا كۈتۈپ تۇرا[illegible] ئىنىمنىڭ تاقىتىنىڭ تاق بولغانلىقىنى كۆرگەن ئاپام:

— تۇرپاننىڭ ئىسسىقىغا چىدىماي قالارسىلەرمىكىن، بېرىپ ئىككى كۈندە تېلېفون قىلىپ، ئاپا، ئىسسىققا چىدىمىدىم، مەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ كېتىمەن، دېمىگىنىڭنى مەن بىر كۆرەي.

— بالىغا تۈزۈك گەپ قىلىڭ.

— سىلەر قانداق چىدىغان بولغۇيتىڭلار؟

— تۇرپاننىڭ ئىسسىقى سىلەرنىڭ يۇرتىنىڭ ئىسسىقىدەك ئۇنداق ئادەمنى كۆيدۈرمەيدۇ. تۇرپاننىڭ ئىسسىقى شىپالىق.

— قانداق ئىشكىن، مەن تۇرپانغا بەشىنچى ئايدا بارسامۇ ئىسسىققا چىدىماي قالىمەن. ھېلىقى «ماي بايراملىق دەم ئېلىش» تا تۇرپانغا بارغانتۇققۇ؟ ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىپ بىر ھەپتە ئاسما ئوكۇل ئۇرغۇزۇپ ئاندىن ئوڭشالغىنىم ئېسىڭىزدىن چىقىپ كەتمىگەندۇ؟

— شۇڭىمىزە، سەن بوۋىلارنىڭكىگە قىشتا بارىدىكەنسەن ـ دە؟

— تۇرپاننىڭ قىشى بولىدۇ. ئىسسىق كاڭدا بىر نەچچە كېچە يېتىۋالسام بىر يىللىق ھاردۇقۇم چىقىدۇ.

— ئاۋۇ ئۆيگە كاڭ قۇرۇپ بېرەيلىمۇ ـ يە؟

— ۋاي، قويۇڭە، چاقچىقىڭىزنى.

— تەتىلدە بىرەر كۈرسقا بارساڭلار بولاتتى... مەيلى تۇرپانغا بارساڭلار بېرىڭلار، تەتىل تاپشۇرۇقۇڭلارنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭلار. تاپشۇرۇقنى چوقۇم

تۇگىتىشىڭلار كېرەك، بولمىسا كېلەر يىلى ھېچ يەرگە ئەۋەتمەيمەن.

— بىزنىڭ كارىزدىكى ھەر بىر ئويۇن، ھەر بىر ئىش بىزلار ئۈچۈن بىر كۇرس.

— شۇنداق كۇرستا ئوقۇپ مەندەك بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چىققان دەڭ! — دېدى ئاپام ئاتامغا تەنە قىلىپ.

ئۆمەرجان ئاكام تاقىتىمىز تاق بولغاندا كەلدى. ئىنىم ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، يېقىنچىلىق قىلغىلى تۇردى.

— ئەتە بىر ئىمتىھانىم قالدى. شۇنى بېرىپ بولۇپلا ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقىمىز.

— ۋاھ، ئويۇن دېگەننى تازا ئوينايدىكەنمىز - دە. ئۆمەرجان ئاكا بۇ يىل ماڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قوي - ھە؟

— ياق، بولمايدۇ، كۆلگە ئېلىپ بارماڭ ئۇكام، مۇشۇ باللار تۇرپانغا بارىمىز دېسىلا يۈرىكىم سۇ. سۇدىن يىراق بولۇڭلار.

— ئاپا، سەن ئۇنداق دېگەنبىلەن دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىكەن.

— بىلسە بىلسۇن، سىلەر ساق - سالامەت بولساڭلارلا بولدى ماڭا.

— بىزنىڭ كارىزدا سىزنىڭ يۇرتىڭىزدىكىدەك ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان دەريا يوق. بەلگىچە كېلىدىغان كۆل ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بالىلارنى بۇزغان سىز. ھە دېسە ئۇلارنىڭكىنى راست قىلىپ بېرىپ...

بىز شۇ كۈندىن باشلاپ سومكىلىرىمىزغا كېرەكلىك نەرسىلىرىمىزنى رەتلەپ سېلىشقا باشلىدۇق. ئاپام بالكوندىن يوغان ئىككى سولياۋ خالتىنى ئېلىپ چىقىپ، ئاتامنىڭ، ئۆزىنىڭ، بىزنىڭ كونا ئەمما پىتىدىن چۈشۈپ كەتمىگەن كىيىملىرىمىزنى رەتلىك قاتلاپ سالدى.

— بەختىيار، موماڭغا دېگىن، بۇ كىيىملەرنى نامراتلارغا بېرىۋەتسۇن، ئۇ تۇغقىنىمغا ئېلىپ قويدۇم، بۇ تۇغقىنىمغا بېرەتتىم دەپ تىقىپ قويۇپ يۈرمىسۇن.

— تۈزۈك گەپ قىلىڭ. «نامراتلارغا» دەپ ئۆزىڭىز شۇنچە بايمۇ؟ سىز كىچىككىڭىزدە ئۆزىڭىزدىن چوڭلارنىڭ كىيىمىنى كىيمەي چوڭ بولغانمۇ؟ قاراڭ، ئەلىيارمۇ بەختىيارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋاتامدۇ؟ تۇغقانلارنىڭ بالىلىرىغا بەرسە بولمىغۇدەكمۇ؟

چوڭ ـ كىچىك سومكىلىرىمىزنى كۆتۈرگىنىمىزچە ئاتام بىلەن بېكەتكە كەلدۇق. ئۆمەرجان ئاكاممۇ بېكەتتە بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئاتام بېلەتلەرنى ئېلىپ قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ بولۇپ، بىر دەمدە يولدا يەپ، ئىچكىلى دەپ نەچچە قۇتا مىنېرال سۇ ۋە مېۋە ئەكېلىپ بەردى.

يولدا كېتىۋېتىپ ئاشۇ گۈزەل يېزىمىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ تاتلىق خىياللار ئىلكىدە ئۇخلاپ قاپتىمەن.

# 4

مانا، تۇرپانغىمۇ كەلدۇق. تۇرپان بېكىتىگە كېلىپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈشىمىزگە تۇرپاننىڭ تونۇش ئىسسىقى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئىليارغا سومكىلارنى قارىتىپ قويۇپ، يېزىغا بارىدىغان ئاپتوبۇسنى سۈرۈشتۈردۇق. ئاپتوبۇس ماڭىدىغانغا يەنە بىر يېرىم سائەت ۋاقىت بار ئىكەن. ئۆمەرجان ئاكام بىردەمدە بىر ىمىزگە بىردىن ماروژنى ئېلىپ كەلدى. ئىليارنىڭ توقاچتەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلدى. ئۇ تىلىنى قوشۇق قىلىپ ماروژنى يېيىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ماروژنىغا ئامراقلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، ئۆمەرجان ئاكامغا:

— ئۆمەرجان ئاكا، يەنە ماروژنى يەيلىچۇ؟ — دېدىم.

— شۇنداق قىلايلى، ئۆمەرجان ئاكا، — دېدى ئىليار كۈلۈمسىرەپ.

— مەيلى، بىراق، مۇزدەك نەرسىنى جىق يەۋېلىپ ئاغرىپ قالماڭلار جۇمۇ؟

— ئادەم كۆيۈپ كەتكۇدەك ئىسسىقتا نېمە بولماقچىدى، قارا، ئاۋۇ بوۋاقمۇ چوكا مۇز يەۋاتامدۇ، — دېدىم، بۇدرۇقىنە بىر بوۋاقنىڭ ئاپىسىنىڭ قولىدىكى چوكا مۇزنى يالاپ، شوراپ يېيىشلىرىنى كۆرۈپ.

— ئاۋۋال، ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەۋالايلى.

— بۇ ئىسسىقتا گالدىن تاماق ئۆتەمدۇ، بولدىلا.

— ئۇنداق دەيدىغان گېپىڭ بولسا، مەن هازىرلا
ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىپ قويىمەن. تۇرپان دېگەندە قورسىقىڭ توق بولسىمۇ بىر نەرسە يەپ تۇرمىساڭ بولمايدۇ.

بىز بېكەت ئۇدۇلىدىكى بازارغا كىرىپ خالىيراق بىر ئاشخانىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە جايلاشتۇق. ئىسسىق يېڭىندەك سانجىيتتى. ئاشخانىنىڭ تورۇسىدا ئىككى، ئۇدۇلدا بىر شامالچى ئىسسىق شامالنى يەلپۈپ تۇراتتى. ئىسسىق شامالدا مېنى ئۇيقۇ تۇتتى. شۇنداق تاتلىق ئۇيقۇم كېلىپ بېشىمنى ئۈستەلگە قويساملا ئۇخلاپ قالاتتىم. ئۇخشىغان لەگمەن چىقتى. كىيىملىرىم سۇ قۇيۇۋەتكەندەك هۆل بولۇپ كەتكەندى. ئىسسىق، تىنچىقتا چىداپ بولمايتتى. ئىنىم ئەليارنىڭ چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن تەر دېگەن هازىر سۇدىن چىققاندەك ئاقاتتى. بۇ ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنىڭ ئۆزى بىر ئازاب ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆمەرجان ئاكامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ لەگمەننى زورلاپ يېدۇق.

ئۇھ، ئاخىر تاماقنى يەپ بولۇپ، بېكەتكە قاراپ ماڭدۇق. مايكام دۈمبەمگە چاپلىشىپ قالدى. ئاسفالت يولدا ماڭغاندا ئىسسىقنىڭ تەپتى يوتىلىرىمغىچە تېگەتتى. تەر دەستىدىن ئاران تۇرغاندا ئاپتاپ يېڭىندەك سانجىلسا چۇمۇلە چاققاندەك ئاغرىيتتى. بېكەتتە ئولتۇرۇپلا بىرىمىز نەچچە تالدىن چوكا مۇز يەپ بولدۇق. ئىسسىقتا تولا تەرلەپ تەرلىگەن يەرلەر چۇمۇلە چاققاندەك چىملداپ ئېچىشاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئۆمەرجان ئاكا، تۇرپاننى بىكاردىن «ئاتەش ماكان» دېمەپتىكەن جۇمۇ؟ نېمىدېگەن ئىسسىق بۇ؟

— مۇشۇنداق ئىسسىقتا تاۋلانساڭ، ئاتاڭدەك ھەممە ئىشقا پىشقان يارامىلىق ئادەم بولىسەن.

— سەنمۇ بۇ ئىسسىقتا تاۋلانغاچقا ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنما؟

— بولدى قىلە، يۇرۇڭلار ئاپتوبۇسقا چىقايلى.

يول بويى تاقىر تاغلار، ئاندا - ساندا ئۇنۇپ قالغان گىياھلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق شېغىللىق سايلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، دېرىزىدىن كىرگەن ئىسسىق شامالنىڭ ئېزىشى بىلەن كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ باراتتى. كۆڭلۈم بولسا يىراقتىن كۆرۈنگەن بۇككىدە يېشىللىقلارغا ئىنتىلەتتى. ئۇكام ماڭا يۆلىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ بوينىدىن ئاققان تەر مايكىسىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. مەن لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ تەرىنى سۈرتۈپ قويۇپ، يولدا ئوقارمەن دەپ ئېلىۋالغان «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى بىلەن يەلپۈپ ماڭدىم. يانداكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئىككى ئانا بىزگە قاراپ مەستلىكى كەلدىمۇ «قېرىنداش دېگەن - ھە!» دېيىشىپ مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈشتى.

ئاخىر ئاتام تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى ساماۋى قەلئە كىچىك كارىزغا كەلدۇق. كىچىك كارىزنىڭ نامى «كىچىك» بولغىنى بىلەن يەتمىش نەچچە ئائىلىلىكنى مېھرىبان ئانىغا ئوخشاش باقاتتى. مەن نەۋرە ئاكا - ئىنىلىرىم نېمە ئىش قىلسا مەنمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنى قىلىپ خېلى «تاۋلاندىم». ئىنىم بىر
ئاشۋاقتىغىچە ئۇخلاپ، ناشتىسىنى قىلىپ بولۇپلا تەڭتۇشلىرى بىلەن ئويۇنغىلى چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ سۇغا چۈمۈلدىغانغا ئامراقلىقىغا قاراپ، مومام «پاقا بالام» دەپ ئەركىلىتىدىغان بولدى.

مومامنىڭ ئىشچانلىقىغا ھەيران قالىمەن. سەھەر ئورنىدىن تۇردىمۇ بولدى، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇمىغۇچە قولى ئىشتىن بىرى بولمايدۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىز كەلگەن كۈنى ئاپامنىڭ كونا سومكىلىرىدىن بىر - ئىككىنى ئالغاچ كەلگەنىدۇق. «خۇرۇمى ياخشى ئىكەن» دەپ كېسىپ پەلەي تىكتى. بىزنىڭ كونا كىيىملىرىمىزدىن «پادىچىلار» چاپىنىنى ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ «تازا قاملاشمىغان يېرىنى مىخ ئېلىپ يىرتىۋېتىپتۇ بۇ چاپاننىڭ» دېگىنىچە بىردەمدە خالتىدەك بىر نەرسە تىكىپ تاغامغا «مە ئاۋۇ سۇر ئېشەككە توۋرا تىكتىم. تۇغقانلارنىڭكىگە بارغاندا بوغۇز بېرەرسەن» دەپ ئۇزاتتى.

مومام پەلەي تىككەن سومكىنى ئۇكام ئاپامنىڭ بىر يۈز توقسان يۈەنگە ئالغانلىقىنى ئېيتىۋېدى، مومام چىدىمايلا قالدى.

— ۋاي، خۇدايىم، شۇ يەڭچىلىك سومكىنى شۇنچە قىممەت ئالدىما؟ ئاپاڭ بەك بەتخەجكەن ئەمىسە؟ ئۈرۈمچى دېگەندە ھەممە نەرسە شۇنداق قىممەتمۇ - يە؟ ئۇنداق بولسا بۇ يەرگە يېنىپ كېلىڭلار.

— ئاپامچۇ موما، يېقىندا ئۈچ يۈز سەكسەن يۈەنگە يەنە بىر سومكا ئالدى.

— ئۇ سومكا پۇل تۇغامدىكەن؟

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— شەھەر دېگەندە شۇنداق قىممەت پۇللۇق نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈرمىسە، قانداق شەھەرلىك بولىدۇ.

— شۇ بىر سومكىنىڭ پۇلىغا ئىككى پاقلان كېلىدۇ. ھەر ھېيتتا بىردىن سويۇپ يېسە گېلىغا پايدا.

مەن ئىليارغا «بولدى قىل» دەپ ئىشارەت قىلغاندىن كېيىنلا ئۇ سۆزلەشتىن توختىدى. ئاخشىمى ئۆگزىدە يۇلتۇز ساناپ يېتىپ، ئىليار:

— ئاكا، موماملار ئاپامغا تېرىكەرمۇ؟

— ياق، ئۆيدە بولغان ئىشلارنى ئۇنداق دەپ يۈرۈش ياخشى ئەمەس، دىققەت قىل.

— مومامنىڭ سومكىسى كونىراپ كېتىپتىكەندۇق. بىرنى ئالغاچ كەلسەك بولۇپتىكەن.

— كېيىن كەلگەندە ئەكېلەيلى.

نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇكام سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، سەھەردە ئورنىدىن تۇردىمۇ بولدى كىيىملىرىنى كىيىپلا «سۇ چۆمۈلگىلى بارايلى» دەپ تۇرۇۋالاتتى. مومام خاپا بولۇپ:

— قاغا قاق دېمەستە نېمە سۇغا چۆمۈلۈشكەن ئۇ، ماڭ ياسىن ئاكاڭ خامان ئېلىۋاتىدۇ چاي ئاپىرىپ بەر.

— ئۆيدىمۇ ئىككى - ئۈچ كۈندە يۇيۇنۇپ تۇرىمىزغۇ موما.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ھە، ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەندە، چىرايىڭغا قاراپباقە، لەش ـ لەش بوپ كېتىپسەن، سوغۇق ئىشىپ كېتىدۇ، بالام. ئاتاڭ «ئىلىيار ئورنىغا سىيىپ قويىدۇ» دەپ يۈرەتتى. مۇشۇنداق پاقىدەك سۇدا يۈرسەڭ ھازىرمۇ سىيىپ قويىسەن.

— موما، تولا ئادەمنى خىجىل قىلمىساڭچۇ؟ ئۇكىلىرىم مېنى «سىيگەك» دېسە مەن قانداق قىلىمەن.

— ئۇلارنىڭ ھەددىمىكەن، سېنى ئۇنداق دەيدىغانغا، تېز بار، ياسىن ئاكاڭ ئۇسساپ چاك ـ چاك بولۇپ كەتكەندۇ.

## 5

سەھەردىلا بوۋام، موماملار تۇغقانلار بىلەن تېرەك كارىزغا بارماقچى بولدى. تاغام كىچىك تىراكتورنى ئوت ئالدۇردى. ئىلىيار كۆزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقتا يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ تىراكتورغا چىقىۋالدى.

— نەگە بارىسىلەر، دەپمۇ قويماي تىراكتورغا چىقىۋاپسەنغۇ؟ — دېدى تاغام.

— نەگە بارساڭلار بېرىڭلار، مەنمۇ بىللە بارىمەن.

— بىز دېگەن تېرەك كارىزغا مېيىتقا بارىمىز.

— مەنمۇ بارىمەن.

— كىچىك بالا مېيىتقا بارسا بولمايدۇ، ئۇچۇق چىقىپ قالىدۇ.

— بارغىنىم بارغان!

ئىليارنىڭ ئۆتكەندە ئېتىزغا بارغۇچە مېنىڭ تىراكتورنى ھەيدىگىنىمنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ھەيدەپ باققۇسى بارلىقىنى سەزگەن تاغام:

— سەنمۇ ئاپامىلار تەييارلىقىنى قىلىپ بولغۇچە ئاۋۇ چۇنچىگىچە تىراكتورنى ھەيدىۋال، يېنىڭدا مەن ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرىمەن. ئاندىن سەن چۈشۈپ قال، بىز ئىسسىقتا قالمايلى يەنە، — دېدى.

ئىليار تاغامنىڭ گېپىدىن خۇشال بولۇپ، تىراكتورنىڭ رولىنى تۇتقىنىچە، تىراكتورغا بىردە مايىنى بولۇشىغا بېرىپ، بىردە بەرمەي، تۈپتۈز يولدا بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا ھەيدەپ بىردەمدە چۇنچىگە بېرىپ كەلدى.

بوۋامىلار كەتتى. ئىنىم توپىلىق يولدا كەينىدىن خېلىغىچە يۈگۈرۈپ باقتى. مەن ئۇنىڭ ئۈستىبېشىدىكى توپىلارنى قاققاچ:

— تىراكتور ھەيدەپ پۇخادىن چىقتىڭمۇ؟ — دېدىم.

— ئىشقىلىپ سەندەك ئۇزاق، يىراققا ھەيدىمىدىم. تاغام ئەتە ماڭىمۇ ئېتىزغا بارغۇچە ھەيدىتىدىغان بولدى.

— ئۇنداق كۆكەرمىلىك قىلىپ تۇرۇۋالساڭ، ئەلۋەتتە ھەيدىتىدۇ ـ دە.

— كىم كۆكەرمىلىك قىپتۇ؟ سەنمۇ تاغامنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ھارۋىنى ھەيدەيمەن دەپ، ھارۋىنىڭ يان ياغىچىنى سۇندۇرۇۋەتتىڭغۇ؟ ئۇرۇمچىگە بارغاندا دادامغا بىرمۇبىر دەيمەن تازا...

— دېسەڭ دە، قورقۇنچۇم يوق. سېنىڭمۇ ئاپامنىڭ سومكىسى جىق، قىممەت پۇللۇق سومكا تۇتىدۇ، دەپ مومامغا چاققىنىڭنى ئاپامغا دەيمەن.

ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇنىڭ بۇ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەك سالپىيىپ كەتكەن تۇرقىنى كۆرۈپ ئىچىمدە، «قۇيرۇقۇڭدىن تۇتۇۋالغاندا شۇنداق دېمىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كېتىدۇ. مېنى تولا ئاۋارە قىلما» دېدىم.

كۆڭۈللۈك ئەتىياز كۈنلىرىمىز سەھرانىڭ ساپ ھاۋاسى، تەبىئىي يېمەكلىكلىرى، ئەڭ مۇھىمى قارنى - كۆكسى كەڭ، بىر - بىرىدىن مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، قېرىنداشلىقنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدىغان تۇغقانلىرىمىزنىڭ مېھرىدە چۆچەكلەردىكىدەك خۇشال ئۆتمەكتە ئىدى. ئىليارمۇ تاماقنى چوڭ قاچىغا توشتۇرۇپ يەيدىغان بولدى. ئۇ ھاۋا سەل - پەللا ئۆزگەرسە زۇكام بولۇپ قالاتتى. مانا ئەمدى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بىرەر قېتىممۇ زۇكامداپ قالمىدى. ئاسما مايكىسىنى سېلىۋەتسىمۇ ئاسما مايكىسىنى سېلىۋەتمىگەندەك كۆرۈنەتتى. سەۋەبى ئۇ ئاپتاپتا تولا ئوينىغاچقىمىكىن ياكى خامان تەپكىچە تىراكتور ھەيدەيمەن دەپ كۈنبويى ئاپتاپتا يۈرگەچكە، ئاپتاپتا تېرىسى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەندى. ئاپام كۆرسە قانداق بولۇپ كېتەر؟ چوقۇم دادامغا ئاچچىقلاپ كېتىدۇ. دادام بولسا «ئاپتاپتا تاۋلىنىپ چىقىپسەن، ئوغۇل بالا دېگەن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك» دەپ كېتىدۇ.

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇتنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئاسمان گويا كۆك رەخت تارتىپ قويغاندەك كۆك ئىدى. ئۆتكەندە قازا قىلغان تۇغقىنىمىزغا ئاتاپ بوۋاملار نەزىر بەردى. ئىليار بوۋامدىن:

— بوۋا، نېمىشقا ئۇ كىشىگە ئاتاپ نەزىر بېرىمىز؟ — دەپ سوراپ قالدى. بوۋام ساقىلىنى سىيلاپ تۇرۇپ بىز نەۋرىلەرگە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— يېقىن تۇغقانلار، قۇدىلار قازا قىلسا، ئەل - جامائەتنى، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى چاقىرىپ نەزىر بېرىش، قەدىم زاماندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادىتىمىز. يېقىندىن بۇيان بۇ ئادىتىمىز بەك شاخلاپ كېتىۋېدى، ئەمدى جايىغا چۈشۈشكە باشلىدى.

— ئۇنداقتا بىز ئۇرۇمچىدىمۇ نەزىر بېرىمىزمۇ؟

— ياق، بىزنىڭ ئۆي دېگەن چوڭ ئۆي، بىزلا نەزىر بېرىمىز. مېنىڭ باللىرىم نەزىر بەرمىسىمۇ بولىدۇ.

...

ئەتىگەندە كىچىك كارىزلىق جامائەت ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، تېرەك كارىزدىكى تۇغقانلار ئىككى كىچىك تراكتورلۇق كەلدى. مەن نەۋرە ئىنىم ئادىل بىلەن ئەر جامائەتنىڭ قولىغا سۇ بەردىم. مەن ئىشىمنى تۈگىتىپ بولۇپ ئاياللارغا قارىدىم. ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇچىسىغا ئاق كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا ئاق ياغلىق سېلىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا سومكىلار بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەزىلىرىنىڭ سومكىلىرىنىڭ ئاغزىدىن رەخت، چاپان كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى.

مەن سومكىلارغا قارىدىم. سومكىلارنىڭ بەزىلىرى خورۇم، بەزىلىرى ئۆزلىرى تىكىۋالغان لاتا سومكىلار، سولياۋ سومكىلار... ئىشقىلىپ بۇ سومكىلار بەكمۇ ئاددىي ۋە كۆرۈمسىز، قوپال ئىدى. مەن بەزى سومكىلارنى ئاپامنىڭ بىلىكىگە ئېسىپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم. تۇرۇپلا ئاپامنىڭ بەتخەجلىكىگە ئاچچىقىم كەلدى. ئادەم گۈزەللىك قوغلىشىدۇ، گۈزەللىك قوغلاشتىم دەپ ھەشەمەتلىك قىلسا بولمايدۇ ـ دە.

مەن تەتىل تاپشۇرۇقلىرىمنى جىددىي ئىشلەشكە باشلىدىم. «ئەدەبىيات» تاپشۇرۇقتا «ئۆزىڭىزگە ئەڭ تەسىر قىلغان بىر ئىشنى تېما قىلىپ بىر پارچە ھېكايە يېزىڭ» دەپتۇ. ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ «سومكا» دەپ ماۋزۇ قويۇپ شەھەردىكى ئاپامدەك ئاياللارنىڭ ھەشەمەتچىلىك قىلىپ بىر ئايلىق مائاشىغا بىر سومكا ئېلىپ يۈرگەنلىكىنى، يېزىدىكى ئاياللارنىڭ بولسا ئاددىي سومكىلار، ھەتتا كىرەكسىز دەپ تاشلىۋېتىدىغان بۇيۇملاردىن چىرايلىق سومكا تىكىپ كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھاجىتىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ بىر ھېكايە يېزىشنى ئويلاپ قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىدىم.

# گۆھەر

مۇئەللىم پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن دەرس سۆزلىمەكتە. مېنىڭ خىيالىم بولسا، سۇلايمانلارنىڭ بېغىدىكى قېرى جۇجەم دەرىخىنىڭ كاۋىكىدىكى ھۆپۈپنىڭ باچكىلىرىدا ئىدى. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇچۇرۇم بولىدۇ. ھازىرمۇ قاناتلىرىنى قېقىپ ـ قېقىپ تۇرۇشىدۇ. خەپ ئاۋۇ قارا قانجۇقنى بىر ئامال قىلىپ ئۆزۈمگە ئۆگىتىۋالىسام. باغقا قەدەم قويىدۇممۇ، بولدى مېنىڭ ھۆپۈپنىڭ باچكىسىنى ئالىدىغانلىقىمنى بىلىۋالغاندەك قاۋاپلا كېتىدۇ. سۇلايمان دېگەن نېمىمۇ ئاغىنىدارچىلىقا يارىمايدىكەن. بىر جۈپ ھۆپۈپ باچكىسىنى ئېلىۋېلىشىمغا يول قويسا نېمە بولاتتى. «دادام خاپا بولىدۇ» دەيدۇ. كىمنىڭ دادىسى خۇشال بولغۇدەك. مانا، مېنىڭ ئاتا ـ ئاناممۇ تولا تېرىكىپ زېرىكتىغۇ. چوڭلار دېگەن شۇنداق تېرىكىپ، ئۇرۇپ، دۇشكەللەپ توختاپ قالىدۇ. قورققانچە قورقۇتىدۇ...

ماۋۇ مۇئەللىمنىڭ دەرسى ئەجەب تۈگىمەي قالدى دېسە. سۆزلىسە، سۆزلىسۇن مەندىن سوئال سورىمىسىلا بولدى. خەپ، ئادەم دېگەن مۇئەللىممۇ بولىدىغان نېمىمۇ؟ سۇلايمان بىلەن ئىسرايىل «چوڭ بولساق ئوقۇتقۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولـمىز» دەيدۇ. ئەخمەقلەر، بالىلارغا سەت كۆرۈنۈپ نېمىمۇ قىلار. ئۇلارغا: «مۇئەللىم بولۇپ نېمىمۇ قىلارسىلەر، بالىلارنىڭ ئويۇنىنى چەكلەپ...» دېيىشىمگە، پەرىدەم بىلەن ئالىمخان سىغىزخاندەك شاراقلاپ: «ئوقۇتقۇچى بولمىسا سەن كىتابنى قانداق ئوقۇيسەن، خەتنى قانداق تونۇيسەن؟ مۇئەللىم دېگەن...» دېيىشىپ كېتىشلىرىنى دەيمەن، كۆڭلىدە ئوينىغۇسى بولسىمۇ ئەتەي شۇنداق دەۋىلىشلىرىنى ئۇلارنىڭ...

— قادىر، سەن دوسكىدىكى جۈملىگە تەقلىد قىلىپ بىر جۈملە تۈزۈپباق.

باياتىن سوئال سوراپ قالمىسۇن دەپ تۇرسام، سوئال سورىدى مانا. هەي، بايا سەل دىققەت قىلىپ تۇرغان بولسام بوپتىكەن. هۆپۆپنى ئويلاپ نېمىمۇ قىلغاندىمەن.

— ياسىن، سەن تۈزەپباقە.

ياسىنمۇ هۆپۆپنىڭ باچكىسىنى ئويلىغان چېغى ئۇمۇ جۈملە تۈزيەلمىدى.

— قارىغاندا دەرسنى چۈشەنمىگەن ئوخشايسىلەر. قايتا چۈشەندۈرەي، دىققەت قىلىپ ئولتۇرۇڭلار.

مانا، ئەمدى دىققەت قىلىپ بىلىۋالسامىلا بولىمىدىمۇ. خىيالىمدىن نېرى كەت، سېسىق باچكىلار.

پاراللېل سىنىپتىكى جۇرئەت بىلەن سېلىملا مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىلىرىم. ئۇلارنىڭ «ب» سىنىپقا بۆلۈنۈپ قالغىنىنى دەيمەن. سۇلايمانمۇ تازا يارىماس. ئىككى گەپىنىڭ بىرى بولسا «دادامدىن سوراپ باقاي، دادام ئۇنداق دەرمىكىن، دادام مۇنداق دەرمىكىن» دەيدۇ. يېقىندىن

بۇيان تېخى بىز بىلەن ئوينىغىلىمۇ چىقمايدىغان بولۇۋالدى. مېنىڭ ئۇنداق چىدىماس بىلەن ئوينىغۇم يوق. ئۆتكەندە ئۇنى ئىزدەپ سۇغا چۆمۈلگىلى بارىدىغانغا كىرسەم، ئاۋۇ چېچىغا چاچ ئۇلىۋالغان، مۈشۈك مىياڭشلىغاندەك گەپ قىلىدىغان ئاپىسى:

— قادىرجان بالام، بىزنىڭ سۇلايمان ئوينىمايدۇ. ئۆزىڭىز بېرىپ ئويناڭ. ئاپىڭىزغا مەندىن سالام ئېيتىڭ. سۇلايمان ئۆي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولسا يېنىڭىزغا ئەۋەتىمىز. ئىزدەپ كەلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دەيدۇ. ئۇنداق دېگۈچە «بالىمىزنى سەن بىلەن بىللە ئويناتمايمىز، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يوقار، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى» دېگەن گەپ بار، سەن بىلەن ئوينىمايدۇ، دەپ ئوچۇق گېپىنى قىلسىچۇ ئۇ قېرى جادۇگەر. خەپ، ئاۋۇ قارا قانجۇقۇڭلارنىڭ چىشىنى تۆكۈۋېتىپ بولسىمۇ ئەتە ھۆپۈپنىڭ باچكىسىدىن بىر جۈپنى ئېلىپ قەپەستە باقمىسام ھېساب ئەمەس.

ئىمتىھان بەرسەم، نېمىشقىدۇر ھاپىلا - شاپىلا يېزىپلا، بىلەلمىگەن يەرلەر بولسا، ئاق تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىمەن. شۇنداق قىلىش كېرەكتە. زورمۇزور خاتا بولسىمۇ يېزىپ، مۇئەللىملەرگە ئىش تېپىپ بەرگۈچە. ئىمتىھان ۋاقتىدا تالادا بىرى «قادىر چاققان چىق» دەۋاتقاندەك بولىمەن. ئىمتىھان بېرىپ بولۇپ چىقسام. تالادا ھېچكىم يوق. ئۆزۈم مەكتەپ قورۇسىنى بىر ئايلىنىپ چىقىمەن. ساۋاقداشلىرىم ئاندىن بىر - بىرلەپ چىقىشقا باشلايدۇ. مانا يەنە مەكتەپ گۈللۈكىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىلانىياستۇقىدىن ئىككىنى تۇتۇۋالدىم. پەرىدەم بىلەن مايمۇنەم چىقسا قورقۇتمەن. بايا تاللاش سوئالىدىن بىرنى سورىسام دەپ بەرمىدى، دەپ بەرمىگىنىگە تويغۇزىمەنغۇ.

جۇرئەتلەرنىڭ سىنىپىغا قارىسام، ئۇمۇ مىسلىداپ ئولتۇرۇپتۇ. سىلىم ھەر نىمە بولسا مىنى كۆرۈپ قولىدىكى ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ تالاغا چىقتى. جۇرئەتمۇ ئاران تۇرغانىكەن، ئۇمۇ سىلىمغا سوڭدىشىپلا چىقتى. بىز بىر تالدىن چوكا مۇز يىگەچ پاراڭلاشتۇق.

— تاللاش سوئالىنىڭ قايسىنى تاللىدىڭ.

— قويساڭلىرا ئۇنداق گەپنى. ئىمتىھاننى ئىلىپ بولدى، تۈگىدى كەتتى. ئەتىنىڭ گىپىنى قىلايلى. سۇلايماننى تۇنۇگۇنكى «ئەدەبىيات» ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيسەن، دەپ بىر قورقۇتۇپ باقامدۇق.

— ئۇ يىغلاڭغۇنىڭ گىپىنى قىلما. يەنە كۆزىنىڭ سۈيىنى ئاقتۇرۇپ يۈرمىسۇن.

— ئاپىسى «سۇلايمان ئۆي ئىشىنى قىلىپ بولۇپ، ئوينايدىغان چاغدا سىزنى ئىزدەپ بارىدۇ» دەيدۇ.

— سۇلايمان تەرەتنىمۇ دادىسىدىن سوراپ قىلامدىغاندۇ؟

— ئاۋۇ كۈنى تاپشۇرۇق دەپتىرىڭنى بىرىپ تۇر، دىسەم، مەنمۇ ئىشلىمىدىم دىگەن ئىدى. گۈلسارەم تاپشۇرۇق دەپتەر يىغقاندا قارىسام بىرىۋاتىدۇ، غۇژژىدە ئاچچىقىم كىلىپ ئۆزۈمنى بىسىۋالدىم.

— قويه، ئۇنداق ئاغىنىدارچىلىقا يارىمايدىغان يىغلاڭغۇنى.

— يولغا مىخلىق پەن كۆمۈپ قويامدۇق؟

— چوڭلاردىن بىرىنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ كامىرى تېشىلىپ كەتسە تىللىسىغۇ مەيلى، تۇتۇۋېلىپ ئۇرسا قانداق قىلىمىز؟

— ئەخمەق، بىزمۇ ئاۋۇ يەرگە بېرىپ بۇ ياققا كېلىشۋاتقان بولۇۋالىمىز.

مېنىڭ كۆڭلىرىم سىرتتا ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. بىراق ئۆيدە ئۇنداق ئەمەس. بىردەم دادام، بىردەم ئاپام تاپا ـ تەنە قىلىشىدۇ. تىللايدۇ، دۇشكەللەيدۇ، ئۇرىدۇ. كەنجى ئىنىمنىڭ تۇغۇلۇشى ماڭا تېخىمۇ ئەلەم بولدى. ئۇلارغا ئىنىم سادىر بىلەن نادىر بولسىلا بولدى. مەن بىلەن كارى يوق. بەزىدە ئۆيدە ئۆزۈمنى ئارتۇقچە ئادەمدەك ھېس قىلىمەن. ئۆيگە مەن بوزەك قىلغان باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كىردىمۇ بولدى، ئاتا ـ ئانام بىر ـ بىرىدىن ئاللىمغان دەردىنى مەندىن ئالىدۇ.

سۇلايمانلارنىڭ بېغىدىكى ھۆپۈپنىڭ باچكىسىنى ئېلىش ئۈچۈن سۇلايمانغا:

— قارا قانجۇقۇڭنى بىردەم ھويلاڭغا ئېلىپ چىقىپ تۇر. مەن ھۆپۈپ باچكىسىنى ئېلىۋالاي بولامدۇ؟ — دېدىم.

— دادام خاپا بولىدۇ. ھۆپۈپ بېغىمىزدا بولسا باغدىكى ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلار يوقايدۇ، دەپ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— ۋۇ، يارىماس، مانا ئەمىسە...

مەن سۇلايماننى كېلىشتۇرۇپ نەچچە مۇشت ئۇرۇۋەتتىم. چۇشلۇك تامىقىمنى يەپ ئولتۇرسام سۇلايماننىڭ ئاپىسى شىپىلدىقىنى شاپىلداتقىنىچە، قاپاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرۇپ كىرىپتۇ.

— ئەسسالام ئىبادەتخان!

— كەلسىلە، سالامەتخان.

— قادىرجانغا گەپ قىلىپ قويسىلا، بىزنىڭ سۇلايماننى قوم خالتا ئۇرغاندەك ئۇرۇپ پۈتۈن بەدىنىنى كۆكەرتىۋېتىپتۇ.

— خەپ، ئادەم بولمايدىغان. شۇنداقمۇ قىلدىڭمۇ؟

— بىغىمىزدا ھۆپۈپ بالىلاپتىكەن، شۇنىڭ باچكىسىنى ئالىمەن دەپ...

— ئۇنى تۇتساڭ، قولۇڭ تىترەيدىغان بولۇپ، يۈزۈڭنى سەپكۈن بېسىپ كېتىدۇ... بولىدۇ، ئىبادەتخان مەن بالىغا ئوبدان تەربىيە قىلىپ قويىمەن. قېنى ئاشتىن بىر قاچا...

— گەپ قىلىپ قويىمەن دېگەنىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، خېنىم. يامانىنىڭ ئوتى يامان دەپ، مەھەللىنى بېشىدا كىيىدىغان بالىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ...

— تولا گەپ قىلىپ لەۋلىرىمىنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ كېتەي دېدى. ماڭمۇ نېمە ئامال، ئەمىسە قانداق قىلىمەن، قېرىنىدىشىم...

شۇ كۈنى دادام مېنى ئۇرماقچى بولۇپ قوغلاپ چىقتى. قېچىپ كېتىپ تۈتۈق بەرمىدىم. كەچ كىرىشكە

قورسىقىم ئېچىپ كوركىراپ بولماي شۇمشەيگىنىمچە ئۆيگە كىرسەم، دادام بىلەن ئاپام يا ئۇرمىدى، يا تىللىمىدى. خۇداغا شۈكۈر، شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-ئانامنىڭ مەن بىلەن ئانچە كارى بولمىدى.

ئاتا - ئانامنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىغانچە مېنى غەم باستى. توۋا، كۇندە ئىزدەپ، دەككەمنى بېرىپ، دۆشكەلەپ تۇرسا «مەن بىلەن كارى بولمىسكەن» دېدىم، ئەمدى كارى بولمىسا «مەن بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ» دەپ ئەنسىرەيمەن. ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن دادامنىڭ كۇندە قىلىدىغان سامان يۇيىدىغان، قويلارنى سۇغۇرىدىغان ئىشلىرىنى قىلىپ قويسامۇ، دادامنىڭ مەن بىلەن كارى بولماسلىقى دادامغىمۇ ئۆچلۇكۇمنى كەلتۇردى.

ئىنىم سادىرغا قىزىل چىقىپ كۆرپىدە ئىنجىقلاپ ياتىدۇ. ئاپام ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك پايپېتەك بولۇپ يۇرۇيدۇ. ئاپامنىڭ مەن بىلەن تېخىمۇ كارى بولمايدىغان بولدى. مەن ئۆزۈمنى بۇ ئۆيدىكى ئارتۇقچە ئادەمدەك ھېس قىلاتتىم، ئەمدى تېخىمۇ شۇنداق ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. شۇ ئەمەسمۇ، بىر بالىنىڭ ئۆيدە بار - يوقلۇقى بىلەن كارى بولمىسا، ئۇنداق بالا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە ئادەملىكىنى بىلىدۇ - دە. مەن ئاغرىپ قالماي جۇمۇ، مەن ئاغرىپ قالىدىغان بولسام ئاپاملار مېنى جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىشتىن يانمايدۇ، قىزىل چىقسا جەمەت قوغلىشىپ چىقىدۇ، دەيدۇ. ماڭىمۇ چىقارمۇ؟ ئۇنى يۇقىدۇ دەيدۇ، مەن سادىر ياتقان ئۆيگە كىرمەي جۇمۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەن ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرسەم، ئۇ شۇم: «ئاكام يېنىمغا كىرسۇن، ئاكام بىلەن ئوينايمەن...» دەپ جېدەل قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئامال يوق. ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم. قىزىل يۇقۇپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ.

سادىرنىڭ قىزىلى كەنجى ئىنىم نادىرغا يۇقتى. دوختۇرلارنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئاپام ئۇلارغا ئايرىم تاماق ئېتىپ بېرەتتى. مەن بولسام ئۆزۈمنىڭ ئويۇنلىرى بىلەن ئىدىم.

ئىنىلىرىم ساقايدى. ئۇلارنىڭ قىزىلى ماڭا يۇقمىغانلىقىدىن مەن خۇشال. مەندەك ئويۇن ئويناپ، تاغمۇتاغ، باغمۇباغ يۈرگەن بولسا، زۇكاممۇ بولماي يۈرگەن بولاتتى. ئاپام توخۇنى كاتەكتە باقاندەك باقسىمۇ، ھەپتىدە ئىككى كۈن زۇكام بولۇپ يېتىشىدۇغۇ ئۇلار. ئاپامنىڭ «قادىر ئاكاڭلاردەك بىزگە ئىش تېپىپ بەرمىسۇن دەپ سىلەرنى ئۆيدىن چىقارمايمەن. ئوينىغۇڭلار كەلسە ھويلىدا ئويناڭلار. شوخ بالىدىن جاق تويغان خەق بىز...» دەپ نەسىھەت قىلغىنىمۇ قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

مەن ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئىش ئاخىر يۈز بەردى. مەن كۆل بويىدىكى يوغان قاپاق تېرەكتىن قارا قۇشقاچنىڭ بالىسىنى ئالىمەن دەپ يېقىلىپ كېتىپ پۇتۇم سۇنۇپ كەتتى. جۈرئەت بىلەن سۇلايمان دادامنى چاقىرىپ كەلدى. ئاپام قانغا مىلەنگەن ھالىمنى كۆرۈپ ھۆكىرەپ يىغلىغىلى تۇردى.

— ۋاي، يۈرىكىم بالام، گۆھىرىم بالام...! — مەن

ئاپامنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىدىم. مەن ئەمدى مېنى تاشلىۋېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. نەدىكىنى، دادام هارۋىنى قېتىپ دوختۇرغا ئېلىپ باردى. ئاپام بېشىمدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈپ باقتى.

پۇتۇم ساقايدى. قۇلىقىم تۈۋىدە ئاپامنىڭ «يۈرىكىم بالام، گۆھىرىم بالام» دېگەن سۆزى نېرى كەتمىدى. هەي، ئاپام شۇ گەپنى بۇرۇن دېگەن بولسىچۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاي كۆلۈمسىرىگەندە

دادام كومپيۇتېردىن يېڭى قاچىلىغان ئويۇننى يەنە ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ. ئىسىت، مەن ئۇنى ساۋاقدىشىم ئىلھامجاندىن مىڭ تەستە ئارىيەتكە ئېلىپ قاچىلىغان ئىدىم. ئويۇن ئوينىغاننىڭ نېمە يامىنى بار؟ مەكتەپتە سەككىز سائەتنى توشتۇرۇپ ئۆيگە كەلگۈچە كەچ بولۇۋاتقان، تاماق يەپ تاپشۇرۇق ئىشلىگۈچە ئۇيقۇ دېگەن كۆزنى ماراپ تۇرغان، يۈگۈرۈپ تالاغا چىقاي دېسە چىققىلى بولمىغان. بۇرۇنقى مەھەللىمىز نېمىدېگەن ياخشى ئىدى ـ ھە! يۈگۈرۈپ چىقسام ھويلىدىكى گۈللۈكتە ئويناۋاتقان باللار تەييار. ئەڭ بولمىغاندا چېنىقىش رايونىدا چېنىقسىمۇ بىر ئىش ئىدى. خەقتىن قالمايمىز دېيىشتىمىكىن، يىگىرمىنچى قەۋەتتىن زالدەك يوغان ئۆي ئېلىپ قەرزگە بوغۇلۇپ ئولتۇرۇپتىمىز.

بۇ ئۆيگە مەن زادىلا كۆنەلمىدىم. بۇرۇنقى مەھەللىمىزدىكى بىنالارنىڭ ئېگىزى ئالتە قەۋەت ئىدى. زېرىككەندە يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشۈپ:

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريا بويى سۇزۇك تاش.
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

دەپ بىر قوشاق باشلىساق، ئەتراپتىكى تۆت بىنادىن بالىلار چىقىپ مەھەللىنى بېشىمىزغا كىيەتتۇق. چىنىقىش رايونىدىكى ئىلەڭگۈچ، سىيرىلغۇچلارنى ئويناپ هارغاندا ياندىكى ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشۇپ تېپىشماق تېپىشىپ، چۆچەك ئېيتىشىپ، بەزىدە شەھىرىمىزدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى سۆزلىشىپ كېتەتتۇق. بۇنداق چاغلاردا قورقانلارنى بىناسىنىڭ ئالدىغىچىلىك ئاپىرىپمۇ قويۇشاتتۇق. بۇ يەردىچۇ؟ ئۇنداق ئىش يوق. شۇڭا ئۆيدە ئولتۇرۇپ كومپيۇتېردا ئويۇن ئويىنماي نېمە قىلىمەن. ئىنىمغا «ئاۋتىمەن» نىڭ پىلاستىنكىسى بولسىلا بولدى. مەكتەپتىن كېلىپلا VCD نى قويىدىمۇ بولدى، بىر - ئىككى قىسىم كۆرۈۋالىدۇ، ئاندىن بالىلار قانىلىنى ئېچىپ كارتون فىلىم كۆرۈپ تېلېۋىزورغا تىكىلىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان.

مانا تاپشۇرۇقلىرىمنىمۇ ئىشلەپ بولدۇم. ئىنىممۇ «قورسىقىم ئېچىپ كەتتى» دېگىنى نەۋاق. ئاشخانىغا كىرىپ قارىدىم، ئاپام توك قازانغا گۈرۈچ دۇملەپ قويۇپتۇ. ئوچاق ئۈستىدىكى قازانغا قارىسام قورۇپ تەييار قىلىپ قويغان قورۇما بار ئىكەن. ئۇھ، يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈرۈچ تامىقى يەيدىكەنمىز ـ دە. ئىنىمنىڭمۇ گۈرۈچ تامىقى بىلەن خۇشى يوق ئىدى.

ــ پەيزۇللا، هوي، پەيزۇللا، پۇل بېرەي، پەستىكى قىزىل دۇكاندىن (دۇكاننىڭ تېشى پۈتۈنلەي قىزىل سىرلانغان بولغاچقا بىز شۇنداق ئاتايتتۇق.) «ئامىنە» چۆپىدىن ئىككىنى ئاچىق، ــ دېدىم ئىنىمنى چاقىرىپ.

ــ مەن «ئارمان» نىڭكىنى يەيمەن.

ــ مەيلى، ماڭا كاۋاپ تەملىكىنى ئاچىق. مەن قايناق سۇ قايناتىپ تۇراي. ئاشقان پۇلنى خەجلىۋالما، مانا پۇل.

ئىنىم چىققۇچە چۆگۈنگە سۇ ئېلىپ ئوچاققا قويۇپ، كومپيۇتېرنى ئېچىپ ناخشا قويدۇم. كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ دادامنىڭ ئويۇنلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدىغان بىرەر ئۇسۇل ئۈستىدە ئويلاندىم. توغرا ئېمىشقا شۇنداق قىلمىغاندىمەن. خەپ، شۇنداق بىر ياخشى ئامال تاپاي. دادام بىلەلمەيلا قالسۇن.

ئىنىم چىقمايۋاتاتتى، سەل ئەنسىرەپ قالدىم. ئەمدى چاقىرغىلى چۈشەي دەپ تۇرسام ئىشىكنى ئېچىپ كىردى. ئۇ ئىككى تال چۆپنى قويۇپ، ئاشقان پۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىپلا تېلېۋىزور ئالدىغا كەتتى.

ــ ئاشقان پۇل قېنى؟

ــ ساڭا بەردىمغۇ؟

ــ ئىككى خالتا چۆپنىڭ باھاسىنى ھېسابلىيالمىدىڭمۇ؟

مەن ئۇنىڭ جاۋابىدىن لازا ئۇۋىقىنى كۆرۈپ

قالدىم، ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ئاچچىق» (لاباڭ)نىڭ ھىدى كېلىۋاتاتتى.

— «ئاچچىق» نى نېمىشقا يەيسەن؟ ئۇنى «ئەخلەت يېمەكلىك» دەپ قانچە قېتىم ئېيتتىم.

— يېگۇم كېلىپ...

— ئەمدى ئۇنداق قىلما.

كاۋاپ تەملىك چۆپنى لەززەتلىنىپ يەپ بولۇپ، ئويۇنلارنى يوشۇرۇشنىڭ ئامالىنى پىلانلىدىم. ئەگەر C رايونغا يوشۇرسام سىغىم ئېشىپ كەتسە بىلىنىۋالىدۇ. D رايوندا دادامنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى بار. E رايوندا ناخشا-مۇزىكا بار. توغرا، شۇ رايونغا يوشۇرۇپ قوياي. ئاپلا، بۇ رايوننىڭ سىغىمى توشۇپ كېتەي دەپتۇ. يەنىلا D رايونغا يوشۇراي. مەن ئاۋۋال بىر ھۆججەت قىسقۇچ قۇرۇپ ئۇنىڭغا «Program Files» دەپ يېزىپ، ئىچىگە C دىسكىدىن بىرمۇنچە مۇھىم ھۆججەتلەرنى كۆپەيتىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىگە ئويۇنلارنى قاچىلاپ ئۇستەل يۈزىگە چۈشمەيدىغان قىلىپ قاچىلىدىم. پەقەت ئويىنىغاندا غول مۇندەرىجىگە كىرىدىغان، ئويناپ بولغاندا چېكىنىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇردۇم. بۇ ئۇسۇلنى مەن خەنزۇچە ماتېرىيالدىن كۆرۈۋالغان ئىدىم. دادام «Program Files» ھۆججىتى D رايوندا نېمە قىلىدۇ دەپ بولغۇچە نەچچە كۈن بولىسىمۇ ئويۇنۇمنى ئوينىۋالىمەنمۇ؟

كومپيۇتېرنى نەچچە قوزغىتىپ سىناق قىلىپ باقتىم، مەشغۇلاتىم ئوڭۇشلۇق بولدى. ئىشتىن ھېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلگەن دادام دىمىنى ئېلىۋېلىپ، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. دادام:

— ھەي، ئويۇنچى، ئويۇن قاچىلىۋالاي دېمەيسەنغۇ؟ — دېدى.

— بەربىر قاچىلاتقۇزمايسەن، شۇڭا دېمىدىم، — دېدىم مەنمۇ.

— ئەمدى ئەقلىڭگە كېلىپسەن.

دادامنىڭ مېنىڭ يوشۇرۇپ قويغان ئويۇنلىرىمنى بايقىيالمىغانلىقىدىن ئۆزۈمنىڭ ئەقلىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئۆتكەندە نەچچە ئاي ئىنتېرنېتقا ئۇلاپ قويۇۋېدىغۇ ئويۇن دېگەننى شۇنداق ئوينىۋەتكەندىم. شۇ سەۋەبتىن ئىمتىھان نەتىجەم چۈشۈپ كېتىۋېدى دادام ئىككى ئايلىق تور ھەققىدىن كېچىپ ئۈزۈۋەتكەندى.

دادامنىڭمۇ مەن بىلەن بىللە ئويۇنلارنى ئوينىشىنى نەقەدەر خالايتتىم ـ ھە! بىراق، دادام مېنىڭ ئويۇن ئوينىشىمغا پەرۋاسىز قارىدى. ئىنىمنىڭ كارتون فىلىم كۆرۈشىگىمۇ پەرۋاسىز قاراۋاتىدۇ. ئەسلىدە بىز بىلەن بىللە كارتون فىلىم كۆرسە، كومپيۇتېردا بىللە ئويۇن ئوينىسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى! سەھەر كەتسە كەچ كېلىدۇ. ھەي، ئۇلار قاچانمۇ بىزنى چۈشىنەر.

نەچچە كۈنگىچە مەن يوشۇرۇپ قويغان جايدىن ئويۇن ئويناپ يۈردۈم. كىم بىلسۇن، پەيزۇللاغا بىر كوي پۇل بېرىپ تۇرمىسام، دادامغا «ئاكام كومپيۇتېردا ئويۇن ئوينايدۇ» دەپ قويۇپتۇ. قارىسام دادام كومپيۇتېرغا مەخپىي نومۇر كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. دادام ئېچىپ بەرسە

كىرەلەيمەن، بولمىسا كىرەلمەيمەن. مەن دادام مەخپىي نومۇر قىلىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان سانلاردىن مۇھىم تېلېفون نومۇرى، تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈنلەرنى، كىرگۈزۈپ كۆردۇم، ھەتتا ئالماشتۇرۇپمۇ كۆردۇم. بىر كۈنى دادام كىتاب ئىشكاپىدىن ماتېرىيال ئىزدەپتىكەن. ئۆي ئىچى توپا ـ چاڭ بولۇپ كېتىپتۇ. مەكتەپتىن كېلىپلا سۆيۈملۈك كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا كەلدىم. كۈنۈپكا تاختىسىدىكى سانلار رايونىغا قارىدىم. ۋاھ، جەمئىي بەش نومۇر بېسىلىپتۇ. مەن بۇ بەش نومۇرغا كېلىدىغان مۇھىم نومۇرلارنى ئويلاشقا باشلىدىم. ئاخىر ئىنىم ئىككىمىزنىڭ تۇغۇلغان ئاي نامىنىڭ ئالدىغا نۆلنى قوشۇپ كىرگۈزدۇم. كومپيۇتېرنىڭ ئېچىلىش مۇزىكىسى ئاڭلاندى، خۇشاللىقىمدا سەكرەپ كەتتىم.

دادام بىلەن ئاپام ھەيران قېلىشتى. مەن مەخپىي نومۇرنى ئېچىش ھەققىدىكى ئويلىغان ئويلىرىمنى ۋە ئۇسۇلۇمنى دەپ بەرسەم. ئاپام:

ــ مەيلى، شۇنچىلىك ئىشقا ئەقلىڭ يەتكەندىن كېيىن، كومپيۇتېرنى ئېچىپ ئۆگەن. كېلەر يىلى تورغا ئۇلاپ قويايلى، ــ دېدى.

ئەتىسى كومپيۇتېرنى ئاچسام، مەن يوشۇرۇپ قويغان ھۆججەت قىسقۇچ قۇلۇپلىنىپ قاپتۇ. ئاستىدا بىر Word ھۆججىتى تۇراتتى. دوكىمېنت نامى «ئوغلۇمغا» ئىكەن، ئېچىپ ئوقۇدۇم. ئەسلىدە ئۇ دادامنىڭ ماڭا يازغان خېتى ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«ئوغلۇم پەرقۇزات:

مەن سەندەك ئەقىللىق ئوغلۇم بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. سېنىڭ ساغلام، ئەقىللىق چوڭ بولۇۋاتقىنىڭنى ۋە ئىنىڭ ئىككىڭلارنىڭ ئامراقلىقىڭلاردىن سۆيۈنىمەن. ئاپاڭ ئىككىمىزنىڭ تىرىشىپ ئىشلەپ، پۇل تېپىشىمىز سىلەر ئىككىڭلارنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن. بۇرۇنقى ئۆيدىن نېمشقا كۆچۈپ كەتتۇق؟ ئۇ ئۆيدە ئىنىڭ ئىككىڭلار بىر ھۇجرىدا ياتاتتىڭلار. سىلەر كىچىك چېغىڭلاردىغۇ بولىدۇ. سەل چوڭ بولساڭلار ئەپلەشمەيدۇ. شۇڭا بۇ ئۆينى يېرىم قەرز ئېلىپ ئالدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە ياخشى ئۆگىنىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى.

ئوغلۇم مەن سېنىڭ كومپيۇتېر مەستانىسى بولۇپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن. ئاپاڭنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغىنىمۇ شۇ. تورغا مەستانە بولۇپ تورخانىدا تۈنەيدىغان باللارنى كۆرگەندە سىلەر كۆز ئالدىمغا كېلىسىلەر. كومپيۇتېرنى ئىشلەت، ئەقلىي قابىلىيەتنى ئاچىدىغان ئويۇنلارنى ئوينا، ئەمما ئۆتكەنكىدەك ۋەھىملىك ئويۇنلارنى ئوينىما.

ئوغلۇم، بەلكىم ئىنىڭ ئىككىڭلار «ئاتا ـ ئانىمىزمۇ بىز بىلەن بىللە ئويۇن ئويناپ، بىزنى چۈشەنسە بولمامدۇ؟» دەيدىغانسىلەر. لېكىن بىزنىڭمۇ ئويلىغىنىمىز بار. سىلەر ئاۋۋال ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك

بولغاندا (سىلەر شۇنداق ئەقىللىق، لېكىن سىلەر يەنىلا بالا)، مەن ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق، ئويۇن دىسكىسى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە كومپيۇتېرنى تورغا ئۇلاپ بېرىمەن. سەن كېلەر يىلى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىسەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىشىڭغا توسالغۇ بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئويلايمەن. سەن «نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقمىسام نېمە بوپتۇ» دېيىشىڭ تۇرغانلا گەپ. مەن ھېسابلاپ كۆردۈم. سەن ئۇ مەكتەپكە ئۆتەلمىسەڭ، ئۆيدىن بارىدىغان مەكتەپكە كەم دېگەندە 52 مىنۇت يول ماڭىدىكەنسەن. نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتسەڭ، 17 مىنۇتتا بارىدىكەنسەن. ۋاقىتتىن ئۇتىسەن. ئارىلىقتىكى شۇ 35مىنۇتتا قانچىلىك ئىشلارنى قىلىپ بولىدىغانلىقىڭنى ئويلا.

ئوغلۇم، ئاپاڭ ئىككىمىز سېنىڭدىن ئۇلۇغ ئالىم بولۇشنىمۇ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالمايمىز. ئۇنداق دېسەم «ئاتا ـ ئانام ماڭا ئىشەنمەيدىكەن» دەپ قالما، بىز ساڭا ئىشىنىمىز. ساڭا بېسىم بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئويلىدۇق. مەيلى سەن ئالىم بول ياكى ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىدىكى خادىم بول، سەمىمىي ئادەم بول. سەن تىرىشىپ ئوقۇساڭ، ئىنىڭ سەندىن ئۆگىنىدۇ. ئۇكا دېگەن ئاكىسىنى ئۈلگە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا ئەڭ كۆپ تەسىر قىلىدىغان بالا دەل ئاكىسى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئوغلۇم، تىرىشىپ ئوقۇ، بىلىم ئال، سەمىمىي ئادەم بول.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلىم ئېلىش يولىدا ساڭا شوتا بولۇپ بېرىشكە ما
مەن تەييار.

ئاخىرىدا ئوقۇشۇڭغا ئۇتۇق ۋە ئۇنۇم تىلەپ، سېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ: داداڭ»

كۆزلىرىمگە ياش كېلىپ كەتتى. مەن ئەڭ يېقىن ئادىمىم دادامنى چۇشەنمەي كېلىپتىمەن. مەن دېرىزىنى ئاچتىم، ئاسماندىكى ئاي بۇلۇتلار كەينىدىن ماڭا قاراپ كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى. خىيالىمدا دادامنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنۇمنىڭ بارىچە «دادا، مەن سېنىڭ كۇتكەن يېرىڭدىن چىقىمەن!» دەپ ۋارقىرىدىم.

# قۇدۇقچى بالا ۋە قۇدۇقچى بوۋاي

تۆت ـ بەش ياشلاردىكى بىر توپ بالا ئېرىق بويىدا «كارىز» ئويۇنى ئويناۋاتاتتى. بالىلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى ئەتراپنى بىر ئالغان ئىدى، يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا ھەۋەسلىنىپ قارىشىپ قوياتتى.

بۇ مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپ يېشىغا توشقانلىرى مەكتەپكە كەتكەن ئىدى، قېپقالغان بۇ شاكىچىكلەر «بىزمۇ ئوقۇيمىز» دەپ غەلۋە قىلىشقان بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان. چۈنكى كەنتنىڭ مەكتىپى بۇ كارىزدىن خېلى يىراق ئىدى. يازدا كىچىك بالىلارغا ئېغىر كەلمىگەن بىلەن، قىشنىڭ قەھرىتان كۈنلىرى تەس كېلەتتى. بالىلارنىڭ ئويۇنىدىن ئەڭ كۆپ ھۇزۇرلىنىدىغىنى ھېلىمنىياز بوتۇڭ[1] ئىدى.

باش كۆز كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئىسسىق داۋاملىشىۋاتاتتى. يازنىڭ ھارارىتىدە سۇ سىڭمەس ئېرىقنىڭ ئىككى قېشىدىكى جۈجەم دەرەخلىرىنىڭ ئۈستى قۇرۇپ كالا مۈڭگۈزىدەك بولۇپ كەتكەن شاخلىرى

---

① بوتۇڭ ـــ كارىزچى، ئىش بېشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىسكىن كۆرۈنسە، قۇرۇمىغان شاخلىرىدىكى ۋاقىتسىز سارغايغان يوپۇرماقلار سۇس شامالدا دەرەخ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشكۈسى كەلمەيۋاتقاندەك شىرىقشىيتتى.

خېلىدىن بېرى بۇ مەنزىرىگە قاراپ ئولتۇرغان يېشى يەتمىشتىن ھالقىغان ھېلىمنىياز بوتۇك بېشىنى كۆتۈرۈپ ناماز پېشىن بولغانلىقىنى پەملەپ، مىس ھاسىسىغا تايانغىنىچە ئورنىدىن ئىنجىقلاپ خېلى تەستە تۇرۇپ مەسچىتكە يۈرۈپ كەتتى.

ھېلىمنىياز بوتۇك ئون ئالتە يېشىدىن باشلاپ قۇدۇق چېپىپ قانچىلىغان كارىزلاردىن سۇ ئاققۇزغان كىشى ئىدى. مانا ئەمدى مادارىدىن قېلىپ، سۆيى ئۈزۈلۈپ، قۇرۇپ كەتكەن كارىزنىڭ ئۆڭكۈرىدەك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تىلما ئاغزىغا قاراپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. ئەنە ئۆزىنىڭ ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى نەچچە كۈندىن بۇيان «كارىز» ئويۇنى ئوينايدىغان بولدى. ئۇلار ھېلىمنىياز بوتۇڭغا بىلىكىنىڭ كۈچى بار، كارىز چېپىپ پۇل تاپقان قىران چاغلىرىنى ئەسلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ھېلىمنىياز بوتۇك بەزىدە كۆزىگە ياش ئېلىپمۇ قالاتتى.

بۈگۈن باللار چىقمايۋاتاتتى. بورۇۋاي قۇدۇقنىڭ ئېرىقىدا سۇ بىر خىلدا شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى. بوۋاي مۆگدەپ بىردەمدە يېنىك خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريا بويى سۈزۈك تاش.
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

ئەمەت تۆمۈرچىنىڭ كەنجى نەۋرىسى سۇلايماننىڭ ئۆيۈنىغا چاقىرىشى بىلەن بىردەمدە باشقا بالىلارمۇ قوللىرىغا ئوتنغۇچ، چۆگۈنلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى.

— بۈگۈن كارىزنى مەن چاپىمەن. ئەل - جامائەتنىڭ دۇئا بېرىشى ئۈچۈن بۇ يەرگە چاقىردىم، جامائەتنىڭ قانداق پىكرى باركىن؟

— بۇنداق كاتتا ئىشنى قوللايمىز. ئىشىڭ قۇتلۇق بولسۇن، كارىزىڭنىڭ سۈيى ھەسەلدەك تاتلىق، تاغ سۈيىدەك ئۇلۇغ بولسۇن...

— مەن كالام بىلەن بىر كۈن ياردەملىشىمەن.

— مەن ئىككى ئوغلۇم بىلەن بىر ھەپتە ياردەملىشىمەن.

— مەن ئىككى ئاق قوي ياردەم قىلىمەن.

— نېمىشقا كارىز چاپقاندا ئاق قوي ياردەم قىلىدىغاندۇ؟

— ھېلىمنىياز دادامنىڭ دېيىشىچە ئاق قوي ياردەم قىلسا كارىز گۈمۈرۈلمەي پۈتكۈدەك، يەنە...

— ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈيى تاتلىق بولغۇدەك.

...

بالىلارنىڭ ئويۇنى داۋاملاشماقتا ئىدى. ھېلىمنىياز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بوتۇڭ بالىلارنىڭ گەپلىرىدىن خۇرسەن بولۇپ، چار ساقىلىنى سىيلاپ يەنە خىيالغا پاتتى.

ئىككى ھەپتە بۇرۇن، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كارىز قازغاندىن تارتىپ، كارىزدىن سۇ باشلىغۇچە بولغان جەرياننى بىر قۇر سوراپ خاتىرىلىۋالغانىدى. بۇ بالىلار ئاۋۇ تىلما بېشىدىكى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان جۇجەم دەرىخىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئاڭلىغانىدى. بوۋاي، قاتتىق يۆتىلىپ: «توۋا، بۈگۈنكى بالىلار نېمىدېگەن ئەقىللىك، نەچچە كۈن بۇرۇن ئاڭلىغان گەپلەرنى بۈگۈن ئويۇنغا بىرلەشتۇرۇپ دېيىشىۋاتىدۇ. بىز بالا چاغلاردا قانداق ئىدۇق؟» دېدى ئۆز - ئۆزىگە غودۇراپ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم جامائەت، كارىزىم ھەرقايسىلىرىنىڭ ياردەم، مەدەت بېرىشى بىلەن پۈتتى. كارىزدىن سۇ باشلىماقچى ئىدىم. سۇ باشلىشىپ بەرگەن بولسىلىرى..

ھېلىمنىياز بوتۇڭ سۇلايمانغا قارىدى. ئۇ قوللىرى لاي، يۈز - كۆزى تەر، توپا ھالدا قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى.

— قېنى جامائەت سۇلايمانئاخۇننىڭ «كارىز»ىنى كۆرۈپ، «كارىز»غا بەرىكەت، سۈيىگە ئۇلۇغلۇق تىلەيلى.

بالىلار لايدىن ياسىغان «كارىز» نىڭ باش قۇدۇقىدىن چۆگۈن بىلەن سۇ قۇيۇپ چاۋاك چېلىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— سۇ كەلدى، ئامان كەلدى!

— سۇ كەلدى، ئامان كەلدى!

ھېلىمنىياز بوتۇلۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئاجايىپ كۈچلۈك ھاياجان ئۆرتەپ بالىلارنىڭ يېنىغا باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ خىيالىدا تىلىمىدىن سۇ پاتماي ئاقماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى شىلدىرلاپ ئاققان سۇدەك پۈتۈن بەدىنىنى تىترىتىۋەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن ئالەم تىترىمەكتە ئىدى.

— ھېلىمنىياز دادا، كارىزىمنى كۆرگىلى كەلدىڭمۇ؟

— شۇنداق، كارىزنىڭ سۈيى ئۇلۇغ بولسۇن.. كارىزنىغۇ چاپتىڭلار. كارىز دېگەننى يوقلاپ تۇرمىسا بولمايدۇ. كارىز دېگەن بەرىكەت دېگەن گەپ، كارىز دېگەننى بىر چىپىپ قويۇپ ئوبدان ئاسرىساڭ قانچە ئەۋلادىڭنى باقىدۇ. بۇرۇن بۇ كارىزدا ھېچكىم سۇ تالىشىپ جېدەللەمۇ چىقارمىغان. سۇ تالىشىپ جېدەللەشكەن ئادەمنى سۇ كەچۈرمەيدۇ.

— سۇمۇ جېدەل - ماجىرادىن قورقامدۇ؟

— قورقىدۇ، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتىن تېخىمۇ قورقىدۇ.

— ئابلىكىم ئاكاملار بىلەن سېلىم ئاكاملار ئۇرۇشقاندا سۇ خاپا بولۇپتۇ - دە؟!

— شۇنداق، خاپا بولىدۇ. مەنمۇ خاپا بولدۇم. بىرنىڭ كېۋىزى سۈنى بىر كۈن كېيىن ئىچكەنگە نېمە بولماقچىدى، ئازراق راھەتنى دەپ قولۇم - قوشنا ئادەملەر ئارىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولدى.

ھېلىمنىياز بوتۇڭنىڭ بالىلار بىلەن كارىز ئويۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوينايدىغان بولۇپ قالغانلىقى بۇ كارىزدىكى ھەممە كىشىگە پۇر كەتتى.

— ھېلىمنىياز بوتۇڭ ئىلىشىپ قاپتۇ. كىچىك بالىلار بىلەن لاي ئويناپ يۈرگۈدەك.

— قويساڭلىرا ئۇ كارىز سارىڭنى. ئولتۇرسا ـ قوپسا كارىز، كارىزلار دەيدۇ... قېنى ئۇ كارىز؟

ھېلىمنىياز بوتۇڭ ئۈستىدىن توقۇلغان گەپ ـ سۆزلەرگە پىسەنت قىلماي، ئۆز خىيالى بىلەن ئىش قىلىۋەردى. بوۋاينىڭ يۈرەك كېسىلى نەچچە قوزغالدى. دوختۇردىن چىقىپ يەنە بالىلار بىلەن كارىز ئويۇنى ئوينىماقچى ئىدى. ئۇ بالىلارنىڭ يېنىغا مېڭىشىغا بالىلار:

— ھېلىمنىياز ساراڭ كەلدى! قېچىڭلار! — دېيىشىپ قېچىپ كەتتى.

بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر تەشمە ئۆتكۈزگەننىڭ پۇلىنى كارىز قازدۇرغۇچى قەستەن بەرمىگەندىمۇ بۇنچىلىك بۇزۇلمىغانىدى.

ھېلىمنىياز بوتۇڭنىڭ چوڭ ئوغلى ئەخمەت ئوغلىنى بوۋىسىنىڭ كەينىگە سېلىپ قويدى. بوۋاي بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ باقتى. بوۋاينىڭ ھەرىكەت دائىرىسى تارايدى. پەقەت خىيالىدىكى كارىزلار ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداشى ۋە ھەمراھى ئىدى. ئۇ خىيالىدىكى كارىزغا سۆزلەيتتى. بۇنى ئاڭلىغانلار بوۋاينى راستىنلا ئىلىشىپ قاپتۇ دېيىشتى.

ھېلىمنىياز بوۋاي بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى كۆزدىن

سەللا نېرى بولسا، قۇرۇپ كەتكەن كارىزنىڭ تىلما
بېشىغا چىقىپ يىغلايدىغان بولۇپ قالدى. بوۋاينىڭ
كۆزدىن ئاققان ياش تىلمىغا تامدى. بوۋاينىڭ كۆز
ئالدىغا تىلمىدىن شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان، سۈپسۈزۈك سۇ
كەلدى.

— سۇ! سۇ كەلدى، ئامان كەلدى! مەن چاپقان
كارىزدىن سۇ كەلدى!

بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە كۆك ياناتاق، بۇيىلار قويۇق
ئۆسكەن قۇرۇق ئېرىقنى بويلاپ يۇگۇرۇپ كېتىپ
باراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاكا، مۇلايىم بول

ئۈچىنچى ئاكام بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغان بولۇپ قالدىم. قاچانلا بولسا ماڭا ئۇرۇشقاق خورازدەك ھۈرپىيىپ تۇرىدۇ. شۇڭىمىكىن ئۇنىڭ سايىسىدىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ بۇيرۇغان ئىشلارنى بېشىم بىلەن يۈگۈرۈپ ئورۇنلايمەن ھەم بۇيرۇغان ئىشقا يانداش ئىشى بولسا ئۇنىمۇ قوشۇپ ئورۇنلايمەن. ئۇنىڭ بومبا پارتلىغاندەك بوم ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان قىلىۋاتقان ئىشىمنى قويۇپ، ساردىن قورققان چۈجە ئانىسىنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىۋالغاندەك ئاپامنىڭ بېقىنىغا كىرىۋالىمەن.

ئۈچىنچى ئاكامنىڭ ئىسمى ئۆمەرجان، ئۇنىڭ كۆڭلىدە يامانلىقى يوق، ئەمما بەكلا قوپال. ئۇنىڭ قولىدىن خېلى كۆپ ئىشلار كېلىدۇ. ئۇ بولتۇر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئۆرلەپ ئوقۇيالمىدى. ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ يامان ئەمەس ئىدى. ئاتامنىڭ ئۇنىمۇ ئوقۇتقۇسى بار ئىدى، بىراق ئۆمەرجان ئاكام قەتئىي ئۇنىماي تۇرۇۋالدى.

مەن مەكتەپتىن كېلىپلا توخۇلارغا دان چېچىپ بېرىپ، كولۇڭدىكى كۆلنى قىرىپ ئېلىپ، ئەتە

ئەتىگەنگە تەپچە ئۇشتۇپ تۇتۇرۇق تەقلەپ قويدۇم ـ دە، خەنزۇ تىلىدىن تېكىست يادلاشقا كىرىشىپ كەتتىم. ئۆمەرجان ئاكامنىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىنى تۇيماپتىمەن. تېكىستنى يادلاپ يېرىمىغا كېلىشىمگە «توختا» دېمەسمۇ، «ئاپا» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم. ئاكام مېنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىمنى تەنقىدلەپ بىرمۇنچە خاتا ئوقۇغان يەرلەرنى تۈزىتىپ بەردى. بۇنىڭدىن ھەيران قالدىم تۇۋا، ئۇ بۇ تېكىستنى ئوقۇپ بولغىلى كەم دېگەندە ئۈچ يىل بولغاندۇ. ھەممىسى دېگۈدەك ئېسىدە باركەن ئەمەسمۇ؟

مەن ئۆمەرجان ئاكامنىڭ كۆرسەتكەن ئۇسۇلى بىلەن ئۆگەنگەنىدىم، ئىككى ھەپتىدە ئۇنۇمىنى كۆردۈم. مەن خۇشال ھالدا بۇنى چوڭ ئاكامغا ئېيتقانىدىم، چوڭ ئاكام پەقەت «ھىم» لا دەپ قويدى.

دوستلىرىم بىلەن ئويناپ سەللا كەچ قالسام، ئۆمەرجان ئاكام قاپاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرۇپ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك تېرىكىپ كېتىدۇ. كىيىملىرىمنىڭغۇ پاكىز كىيىمىسەم:

ــ سېنىڭ نەرىڭ قىز بالا؟ كىيىمنى مۇشۇنداق مەينەت كىيسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ــ دەپ بىرمۇنچە كايىيدۇ.

ئۇنداقتا ئوغۇل بالا كىيىمنى مەينەت كىيسە بولىدىكەن ـ دە، دەپ قالىمەن بەزىدە. ئۆمەرجان ئاكامنىڭ مەن بىلەنلا بولۇپ قالغانلىقىغا ئاچچىقىم كېلەتتى. مېنى پايلاپ تۇرغاندەكلا مەنلا قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويسام يېنىمدا پەيدا بولىدۇ. بىر قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەن سۇ ئېلىپ كېلەي دەپ چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئېرىققا بارغانىدىم، يولدا قويچىلارنىڭ موزايدەك بەستلىك، بېشى قازاندەك يوغان ئىتىنى كۆرۈپ تاشلاپ، قورقۇپ يىغلاپ تۇرسام، ئۆمەرجان ئاكام ئاسماندىن چۈشكەندەكلا:

— نېمىشقا سۇ ئەكېلىمەن دەپ ئاۋارە بولىسەن؟ بۇندىن كېيىن سۇ ئەكېلىمەن دەپ ئاۋارە بولما، — دەپ ئىتنى قوغلىۋېتىپ ئەپكەشنى كۆتۈرگىنىچە، مېنى ئەگەشتۈرۈپ يېنىپ كىردى.

بۇنداق چاغلاردا ئۆمەرجان ئاكامدىن سۆيۈنۈپ قالىمەن. چوڭ ئاكام ماڭا ھەر دائىم سىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىككىنچى ئاكامغۇ ھەر تەتىلدە ماڭا جىق نەرسىلەر ئالغاچ كېلىپ مېنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ماڭا ئامراقلىقىدا گەپ يوق. مۇشۇ ئۈچىنچى ئاكامنىڭ قوپاللىقى ۋە مېنى بوزەك قىلىشى ماڭا ياقمايدۇ. شۇڭىمىكىن مەن ئۇنىڭغا ئۆچ.

ئەتىياز پەسلى دېھقانلار ئۈچۈن سېرىقتال پەسىل. ئىككىنچى مەۋسۇم باشلىنىپ ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇللىرىنى ئاران تاپشۇرۇپ بولدۇم. دەپتەر ئالىدىغانغا يەنە «پۇل» دېيىشكە ئاغزىم بارمىدى. كونا دەپتەرلەرنىڭ بىر ئىككى ۋاراقتىن قالغان ئاق ۋاراقلىرىنى چىقىرىپ دەپتەر تىكىپ ئۈچ دەپتەرنى غەملىدىم. بۇلارنىغۇ مەشىق ئىشلىگەندە ئىشلىتەرمەن، تاپشۇرۇق دەپتىرىگە يېڭى دەپتەر بەرمىسەك، بەزى مۇئەللىملەر خاپا بولىدۇ. ئالدىنقى مەۋسۇمدا ئادىلنىڭ ئالگېبرا تاپشۇرۇق

دەپتىرىگە ماي تېمىپ كېتىپ مايلىشىپ قاپتىكەن.
ئالگېبرا مۇئەللىم قاپىقىنى تۈرۈپ:
— قايسى موللامىنىڭ دەپتىرى بۇ؟ پوشكالىمىكىن دېسەم دەپتەركەن ئەمەسمۇ؟ بۇندىن كېيىن بۇنداق «پوشكال» لارغا تاپشۇرۇق ئىشلىگۈچى بولماڭلار،— دەپ كايىغانىدى.
دەپتەرنىڭ قۇر سىزىقلىرىنىڭ ئوخشاش خىللىرىدىكىلىرىنى تاللاپ تىكىۋالغان بولسامىمۇ، ئالگېبرا ئۈچۈن يېڭى دەپتەر تۈتۈشۇم كېرەك. يەنە...
ئاكام مېنىڭ دەپتەر تىكىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن چېغى، ئەتىسى مەكتەپكە ماڭغىچىلىك سومكامغا نان سېلىۋالاي دەپ قارىسام، يېپيېڭى ئون دەپتەر تۇرۇپتۇ. خۇشاللىقىمدا كۆزلىرىمگە لۆممىدە ياش كەلدى. بۇنى چوقۇم ئۆمەرجان ئاكام سېلىپ قويغان گەپ. ئۆمەرجان ئاكامغا ئىچىمدە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتىپ مەكتەپكە ماڭدىم.
سىنىپتا ئولتۇرۇپمۇ ئۆمەرجان ئاكامنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. مەن ئۆمەرجان ئاكام سومكامغا سېلىپ قويغان بىر دەپتەرنى ئاچتىم بىرىنچى بېتىگە: «سىڭلىم تۇرسۇنئاي، تىرىشىپ ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆت، يارامىلىق ئادەم بول.
ئاكاڭ: ئۆمەر» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.
مەن ئۇزاق ئويلىنىپ ئاكامغا يۈز تۇرانە رەھمەت ئېيتىشنى لايىق كۆرمىدىم. ئۇنىڭ «قوپال» سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇم يوق. ئاخىر ئۆمەرجان ئاكامنىڭ ھۇجرىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېلېۋىزورنىمۇ تۈزۈك كۆرمەي ئۇخلاپ قالاتتى. تېلېۋىزوردا شەھەر تۇرمۇشى چىققاندا بىز بالىلار چۇرقىرىشىپ كېتەتتۇق. ئاپام ھەر ھالدا بىز بالىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ. يېزا بازىرىغا بارسا بىزگە تاتلىق تۈرۈم ۋە تۇغقانلارنىڭ بالىلىرىنىڭ كونا بولسىمۇ «تارىم غۇنچىلىرى» قاتارلىق ژۇرنال ـ كىتابلىرىنى ئالغاچ كېلىدۇ. قويچى بالىلارغا بولسا VCD پىلاستىنكىسىدىن بىر ساندۇق ئەكېلىدۇ. بىزمۇ شۇ قويچىلارنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ھەر خىل ناخشا ـ ئۇسسۇل كېچىلىكى، ھېكايە فىلىملەرنى كۆرەتتۇق.

دادامىمۇ قىزىق، مېنى ئوقۇتۇشقا قوشۇلماي تۇرۇۋالغانلىقىنى دەيمەن. «جاھاننىڭ كارى پۇل، پۇل تاپسىلا بولمىدىمۇ؟ نېمە قىلىدۇ ئوقۇپ، مانا مەن ئۇنىڭغا تىراكتور ئېلىپ بېرىمەن، ماشىنا ئېلىپ بېرىمەن» دەيدۇ. ئۆزىمۇ مۇنۇ شەھەرگە كىرىپ جاھاننى كۆرۈپ باقسا بولمامدۇ. خەپ، بۇ قېتىم ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا دادامنى ئېلىپ كەلمىسەم. ئالدىنقى قېتىمغۇ «تاغدا جۇدۇن بولدى، ئاپاڭ بارسۇن» دەپ ئاپامنى ئەۋەتتى. ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغىغۇ دادا بولامدۇ، ئاپا بولامدۇ ئائىلە باشلىقىدىن بىرى كەلسىلا بولىدىغان ئىش. بىراق، دادام شەھەرنى كۆرسە ئانچە ـ مۇنچە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولامدىكىن دەيمەنغۇ؟

ساۋاقداشلىرىم دادىلىرىنى ماختاشسا، مەن يېتىم قوزىدەك جىم تۇرىمەن. «دادام قويچى، قوي بېقىشتىن

باشقا ئىش قولىدىن كەلمەيدۇ» دېگوم يوق. دادام ھېچ بولمىسا يېزا بازىرىدا بىرەر دۇكان ئاچقان بولسىمۇ ـ ھە! خەققە بىزنىڭ بانكىدا جىققىدە پۇلىمىز بار، تاغدا ئىككى قورۇ قويىمىز بار. دېگىلى بولمايدۇ ـ دە.

دەرسلەردىغۇ ساۋاقداشلىرىمدىن قالمايمەن. خەنزۇ تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىدىن سۆزلەرگە جۈملە تۈزسەم تاغلىق كەنتىمنى ماختاپ جۈملە تۈزەيمەن. بۇنداق چاغدا دادامنىڭ قويچىلىقىنى ئويلىسام‌لا يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك، ئەتىيازدىكى قاردەكلا بولۇپ قالىمەن.

مەن «ئەدەبىيات» دەرسىنى ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز تاھىر مۇئەللىمنى ياخشى كۆرىمەن. تاھىر مۇئەللىم دەرسنى ياخشى سۆزلەپلا قالماي، بىزگە ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردىمۇ بىلىم بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ تاغلار ھەققىدە يازغان ماقالىلىرىمنى ماختاپ، مېنىڭ تاغلىق كەنتىمگە بولغان مۇھەببىتىمنى كۈچەيتىدۇ.

تاھىر مۇئەللىم شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ «ئانا» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغاندا كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش كېلىپ كەتتى. شېئىر دېگەننى شۇنداق ئوقۇسا باغرى تاش ئادەمنىڭمۇ جەزمەن كۆزىگە ياش كەلمەي قالمايدۇ. تاھىر مۇئەللىم بوغدا ئابدۇللانىڭ تەرجىمىھالىنى سۆزلەۋېتىپ شائىرنىڭ كىتابلىرىدىن «سالغا تېشى» دېگەن كىتابىنى تىلغا ئالدى. شەھەرلىك ساۋاقداشلاردىن غالىبجان:

ـــ مۇئەللىم، سالغا دېگەن نېمە؟ ـــ دەپ سوراپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— سالغا دېگەن بىر خىل قورال. چوكا تومۇلۇقىدىكى ياكى بارماق تومۇلۇقىدىكى تاسمىدىن، تانىدىن ئوتتۇرىغا ئىككىلىك ياكى ئۈچلىك كەلگۈدەك كەڭلىكتە بەش — ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۈچ قات قاتلاپ، تاش قويىدىغان جاي راسلايدۇ، ئىككى بېشىدىكى يېرىم مېتىردەك ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى بېشىنى تۇتۇپ پىرقىرىتىپ نىشانغا ئاتىدۇ.

مۇئەللىم دوسكىغا سىزىپ ئېتىش ئۇسۇلىنى كۆرسەتتى ۋە:

— مەنمۇ سالغىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىدىم. رەسىمنى ۋە كىنولاردىن ئېتىش ئۇسۇلىنى كۆرگەن. ساۋاقداش ئالىمنىڭ ئۆيى تاغدا، تاغلىقلار بۇ قورالنى ئىشلىتىشكە ئۇستا. ئالىم سەن داداڭدىن سالغا ياساشنى ئۆگىنىپ كەل،— دېمەسمۇ قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم.

شەنبە كېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتتۈم. دادامدىن سالغا ياساشنى ۋە ئېتىشنى ئۆگىنىپ، مەنمۇ «دادام مۇنداق ئىشنى قىلالايدۇ، ئۇنداق ئىشنى قىلالايدۇ...» دەپ بىرەر قېتىم بولسىمۇ ماختىنىپ باقاي. قاچانلا بولسا جىم يۈرىمەنمۇ؟ دادام سالغا ياساشنى ۋە ئېتىشنى بىلمىسچۇ؟ شۇنىڭغىمۇ باش قاتۇرۇپ كېتىمەنمۇ، بىزنىڭ كەنتتە سالغا ياسايدىغان، ئاتىدىغان ئادەم چىقماي قالارمۇ؟

شەنبە كۈنى چۈشكە يېقىن ئۆيگە كەلدىم. كېلىپلا

دادامنى ئىزدىدىم. دادام قوي باققىلى كەتكەنىكەن. ئىچىم پۇشۇپ قوشنىمىز بۇرھان ئاكىدىن سورىدىم.

— مەنغۇ سالغىنى چىگەلەيمەن، ئاتاڭ سالغا چىگىشكە بەك ئۇستا، بىز سەندەك ۋاقلىرىمىزدا ئاتاڭ بىزگە سالغا چىگىپ بەرسە بىز ئاتاتتۇق. ئاتاڭ سالغا بىلەن ياۋا توشقانلارنى يىقىتاتتى، — دېمەسمۇ خىيالىمدىكى قولىدىن قوي بېقىشتىن، ماللار بىلەن ھەپىلىشىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان دادام ئەمدى بىر قەھرىمانغا ئايلىنىۋاتاتتى.

ئۆگزىگە چىقىپ يىراقتىكى كۆتەللەرگە قارىدىم. كۈن پېتىشتىكى جىلغىدىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. دادامنىڭ ئالدىغا ئارا يورغىنى مىندىم - دە، شامالدەك ئۇچتۇم.

— دادا، سەن ئاتنى مىنىپ كەت. مەن قويلارنى ئېلىپ كېتەي، — دېدىم.

دادامنىڭ چىرايىدىكى رازىمەنلىك، مەمنۇنلۇقنى كۆرۈپ، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ كۆندۈزدەك يورۇپ كەتتى. دادام ئاتنى مىنىپ كەتتى. مەن قويلارنى ھەيدەپ بوغدا ئابدۇللانىڭ «ئانا» شېئىرىنى يادلىغانچە قامچىنى تارسىلدىتىپ ماڭدىم.

«توقسانغا ئۇلاشتى،
كۆزى خىرەلەشتى،
...»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆيگە كەلسەم دادام تاماق يەۋاتقانىكەن. مەنمۇ تامىقىمنى يەپ بولۇپ، دادامدىن سورىدىم.

— دادا، سالغا ياساشنى ۋە سالغا ئېتىشنى بىلەمسەن؟

— بىلەمسەن دېگىنىڭ نېمىسى؟ مەن دېگەن سالغا ئېتىش ماھىرى.

— مەن كۆرمەپتىمەنغۇ؟

— ئاۋۇنىڭغا قارا، — دېدى قوزۇقتىكى ئوۋ مىلتىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئۇ بار يەردە سالغىنى نېمە قىلىمەن. ھە، راست بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

— مۇئەللىم داداڭدىن سالغا ياساشنى ۋە ئېتىشنى ئۆگىنىپ كەل، دېگەنتى.

— مۇئەللىمىڭ مېنىڭ سالغا ئېتىشقا ئۇستىلىقىمنى كىمدىن ئۇقۇپتۇ؟

— تاغلىقلار سالغا ئېتىشقا ئۇستا كېلىدۇ، دېدى، — مەن دەرسخانىدا بولغان گەپلەرنى دەپ بەردىم.

— دەرسىڭلاردا سالغىلارنىمۇ سۆزلەمدۇ؟ بۇ ياخشى گەپكەن. ماڭ، ئاپاڭغا دېسەڭ، قامچىغا تاسما تىلىپ قويغانىدىم، ئۇنىڭدىن تۆت تال، تانىدىن سېنىڭ غۇلىچىڭدا ئىككى غۇلاچ ئېلىپ بەرسۇن، — دېدى دادام.

دادام سالغىنى ياساۋېتىپ مۇئەللىمدەك سۆزلىگىلى تۇردى.

— مانا قارا، بۇ يەرنى مۇنداق ئالمىساڭ بۇ يەردىن مۇنداق چىقىدۇ. ئەگەر مۇنداق قىلىپ قويساڭ، سىپتا

چىقمايدۇ، — دەپ بىر دەمدە بىر سالغىنى پۈتكۈزدى،
— سالغىنى «ياسىدى» دېمەيمىز، «چىگدى» دەيمىز. بەزىلەر «سالغا تۇگدۇم» مۇ دەيدۇ، — دېگەننى قوشۇپ قويدى.
— مەنمۇ بىرنى چىگىپباقاي.
— ماۋۇ ئىشىڭ بولىدۇ. قېنى، مەن ئۆگىتەي، ئۆزۈڭ بىرنى چىگىپباق.
مەنمۇ ئانچە قاملاشمىسىمۇ بىرنى ياسىدىم.
— ئەتە تاڭ يورۇغاندا سايدىن تاش تېرىپ كېلىپ ئېتىشنى ئۆگىتەي. ھە، ئېيتقىنا بالام، مۇئەللىمىڭ يەنە نېمىلەرنى دېدى؟
شۇنداق قىلىپ دادام ماڭا بىرى تاسمىدىن، يەنە بىرى تانىدىن ئىككى سالغا چىگىپ بەردى ۋە ئېتىشنى ئېرىنمەي ئۆگىتىپ قويدى. كېيىنكى قېتىم كەلگۈچە ماڭا ئوقيا ياساپ بېرىدىغان بولدى. كۆڭلۈم ئالەمچە خۇشاللىقتا چۆمگەن ھالدا ياتاققا كەلدىم. ياتاقداشلىرىم ئىشىكتىن كىرىشىمگە:
— ئالىم ئاداش، داداڭغا سالغا ياسىتىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراشتى.
— چىگدۈرۈپ دەڭلار، سالغىنى مىلتىق ياسىغاندەك ياسىمايدىكەن، چىگىدىكەن. ئىككى خىل چىگدۈرۈپ كەلدىم. ھەر بىرىڭلارغا بىردىن سايىنىڭ تازا يۇمىلاق كۆك تېشىدىن ئالغاچ كەلدىم.
ياتاقداشلىرىم مەن تاغدىن ئەكەلگەن قېتىق، قۇرۇتلاردىن بىرەر تالدىن يېيىشىپلا سالغىنى ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەيدانغا يۈگۈرۈشتى.

بىز مەيداننىڭ چېتىگە چىقىپ يىراقتا بىر مىنېرال سۇ قۇتىسىنى قويۇپ، شۇنى نىشان قىلىپ قارغا ئاتتۇق. ئەلۋەتتە، مەن ئۇلارغا ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويىمەن ـ دە.

بىر ـ بىرىمىزدىن خۇشال هالدا بىرىمىز ئون نەچچە قېتىمدىن سالغا ئاتتۇق. كەچلىك مۇزاكىرىگە قوڭغۇراق چېلىنمىغان بولسا بىز يەنە خېلىغىچە سالغا ئاتاتتۇقمىكىن، كۆزىمىز قىيمىغان هالدا دەرسخانىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتۇق.

تاهىر مۇئەللىم «سالغا قېنى؟» دەپ سورىمىسا قانداقمۇ قىلارمەن. «مۇئەللىم، مەن سالغا ياستىپ كەلدىم» دەپلا قولغا تۇتقۇزۇپ قويارمەن دېگەن ئويلار بىلەن ئەتىگەنلىك مۇزاكىرىنى توشقۇزدۇم. بىرىنچى سائەتلىك دەرس «ئەدەبىيات» ئىدى. تاهىر مۇئەللىم سالماقلىق بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۆتكەنكى دەرسلەرنى بىر قۇر تەكرارلاپ بولۇپ ماڭا قاراپ:

— ئالىم، داداڭدىن سالغا ياساشنى ۋە ئېتىشنى ئۆگىنىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مۇئەللىم، سالغىنى چىگىدىكەن. دادام مانا ئىككى تال سالغا چىگىپ بەردى. بىرى تاسمىدىن، بىرى تانىدىن ئىككى خىل سالغا ئېلىپ كەلدىم.

— داداڭ ھەقىقەتەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن، — دېدى تاهىر مۇئەللىم، — قارا بۇنىڭ سىپتىلىقىغا ۋە چىرايلىقلىقىغا. هازىر بىر قىسىم

كىشىلىرىمىز كىچىك ئىشلارنى ياراتمايدۇ، چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدۇ. بۇ قارىماققا ئاددىي بولغىنى بىلەن ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بىر خىل قورال. قېنى سەن ماۋۇ تاندا داداڭ ئۆگەتكەندەك بىزگە ئۆگىتىپ قوي. سەن داداڭنى ئۇستاز تۇتساڭ، بىز سېنى ئۇستاز تۇتىمىز.

تاھىر مۇئەللىم نېمە دەيدىغاندۇ، «مەنمۇ ئۇستازىمغا ئۇستاز» بولدۇممۇ ئەمدى. دادا، رەھمەت ساڭا. ئاۋۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ماڭا ھەۋەس بىلەن قاراۋاتىدۇ. ھەممىسى مېنىڭ ماھارىتىمگە ھەۋەس قىلىۋاتىدۇ. سېنىڭ ماھارىتىڭ بولمىغان بولسا، مەن شۇنچە ساۋاقداشلىرىم ھەۋەس قىلغۇدەك بولارمىدىم. مەن سېنىڭ يەنە چۆچەكچى، قوشاقچى، پالۋان ئىكەنلىكىڭنى دەپ بەرگەنىدىم. تاھىر مۇئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— داداڭ، راستىنلا قالتىس ئادەم ئىكەن. بۇ قېتىم ئۆيۈڭگە بارغاندا ھەممىمىزنىڭ سالىمىنى يەتكۈز. داداڭ مېنىڭ غايىۋى ئۇستازىم بولدى. مەن دەم ئېلىش كۈنىدە داداڭ بىلەن تازا مۇڭداشمىسام، چۆچەكلىرىنى بىرنى قويماي خاتىرىلەپ كېلىپ ئېلان قىلىمەن، — دېدى.

ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاھىر مۇئەللىمنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغان بولغاچقا، مېنىڭ شۇ سائەتتىن باشلاپ بۇيۇم بىر غېرىچ ئۆسۈپ قالغاندەك بولدى. ئەگەر مۇئەللىم بىزنىڭ تاغقا چىقىپ قالىدىغان بولسا، ئۆزۈم ئىشلەپ تاپقان پۇلغا ئالغان پاقلىنىم بار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنى سويۇپ مېھمان قىلىمەن. تاھىر مۇئەللىمنى تو
سويۇپ مېھمان قىلىشمۇ ئەرزىيدۇ.

مەن دەم ئېلىش كۈنى ئۆيگە قايتىپ تاغلارغا قاراپ
ۋارقىرىدىم.

— دادا، سەن قالتىس ئادەم ئىكەنسەن! مەن سەندىن
پەخىرلىنىمەن!

تاغلاردىن ئەكس سادا كەلدى.

— دادا، سەن قالتىس ئادەم ئىكەنسەن! مەن سەندىن
پەخىرلىنىمەن!

# ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى

ياسىن ئىككىمىز يېقىن دوست، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. ئىككىمىز مەكتەپكە بىللە بېرىپ، بىللە كېلىمىز. قويلارغا ئوت ئالغىلى بارساقمۇ بىللە بارىمىز. بەزىدە تاماقنى ئۇ بىزنىڭكىدە يېسە، بەزىدە مەن ئۇلارنىڭكىدە يەيمەن. بىزنىڭ قېرىنداشلاردەك يېقىنلىقىمىزدىن سۆيۈنۈدىغانلارمۇ، بىزگە ھەۋەس قىلىدىغانلارمۇ بار.

ئۇنىڭ بوۋىسى ئەبەيدۇللا بوۋام ئوغۇللىرىغا چۈشەندۈرۈپ، ھەممە يېرىنى دېگۈدەك تەك قىلىۋەتكەندى. ئاتامغىمۇ نۇرغۇن قېتىم تەكنىڭ پايدىسى كۆپ، قولىڭدىن كەلسە تەككە كۆپرەك ئىشلەپ قوي، دەپ كۆپ نەسىھەت قىلغانىدى. ئاتام بولسا «تەك مېۋىگە كىرگۈچە نەچچە يىل ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرىدىغان گەپكەن. ئۇنداق ئىشنى مەن قىلمايمەن» دەپ ئۇنىمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۈزۈملىرىدىن ھەر يىلى نەچچە تۈمەنلەپ كىرىم بولۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ جىگدە ئورمان ياقىسىدىكى تەكنىڭ كىرىمى ئالاھىدە ياخشى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئۇ يەردىكى تەكنى ئاتامدىن كەپتەر مايىقى سېتىۋېلىپ، قىغ بىلەن قوشۇپ ئوغۇتلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى پىكتى
www.uyghurkitap.com

كۆچلىنىۋېدى، ئۆزۈمنىڭ دانىسى يوغان، ساپىقى چوڭ، بولۇق بولۇپ كىرىمى بىر ھەسسە ئاشتى. بىز ئۇ يەرگە كېۋەز تېرىپ كېلىۋاتىمىز. مېنىڭ قىلسىمۇ پاختىنىڭ پايدىسى ئۆزۈمنىڭكىدەك بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى يىلدىن بۇيان غوزا قۇرتى چۈشۈپ ھوسۇل ئالالماس بولۇپ قالدۇق. ئاتام بەزىدە ئاچچىقلاپ «مۇشۇ خەقنىڭ تېكىننىڭ يىلتىزى بىزنىڭ يەرنى بۇزدى...» دەپمۇ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ئاپام «ئەمىسە بىزمۇ تەك تىكەيلى» دەپ كايىيتتى.

ئاتام ئۆگزىگە بىر چىقىۋالدىمۇ بولدى، ئاش-تامىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، كەپتەرلەرگە بىللە قوشۇلۇپ ئاسماندا ئۇچىدۇ. ئاپام ئاچچىقلاپ پات ـ پات «كەپتەرلەرنىڭمۇ جېنىغا ۋاي، ئۇلارمۇ قورسىقىغا بىر نەرسە يېمىسە بولماس. ئاۋۋال تاماقلىرىنى يەۋالسىلا» دەپ ۋارقىراپمۇ قوياتتى.

ياسىن ئىككىمىز رەگەتكە ياسىدۇق، چوڭ يولغا چىقىپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش تاشتىن يۈز تالدىن تېرىپ كەلدۇق ـ دە، ياسىنلارنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، ئېغىلنىڭ تېمىدىكى ئوتىغۇچ، ئارغامچا... قاتارلىق نەرسىلەرنى قويىدىغان ئويۇققا بىرىمىز بىردىن قەلەي قۇتا قويۇپ، قارغا ئېتىپ مۇسابىقىلەشتۇق.

ياسىن رەگەتكىنى مەندەك ئاتالمايتتى. مەن ئۆزۈمنىڭكىگە ئۈچ قېتىم تەگكۈزدۈم، ئۇ بىرەر قېتىممۇ تەگكۈزەلمىدى. ئۇ زېرىكىپ توختاپ قالدى. ياسىن تۇيۇقسىز:

— ئابدۇرېشىت، مەن سىلەرنىڭ ئاۋۇ كەپتەرلىرىڭلارنى ئېتىپ باقايمۇ؟ — دېدى.

— جىم تۇرغان قۇتىغا تەگكۈزەلمەيسەن، قانتى بار كەپتەرگە تەگكۈزەلەمتىڭ. ياخشىسى سەن ئاۋۇ ئادەمدەك يوغان تۇرخۇننى چەنلەپ مەشىق قىل، — دېدىم.

— ئاتايمۇ؟

— ئاتە، سېنىڭ...

قىزىق ئىش. گېپىم تۈگە - تۈگىمەي ئۇنىڭ ئاتقان تېشى كەپتەردىن بىرىنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋەتتى.

— قانداق؟ تەگكۈزدىممۇ؟

— تەگكۈزدۈڭ! ئۈچ مىڭ يۈەنگە بەرمىگەن كەپتەرنى جېنىدىن جۇدا قىلدىڭ! ماڭ، ئاتاڭغا ئېيت، ئۈچ مىڭ يۈەننى تۆلەپ بەرسۇن...

شۇ ئىشتىن كېيىن ئىككى ئائىلىنىڭ ئىناقلىقى بۇزۇلۇپ، باردى - كەلدى چورتلا ئۈزۈلدى. ئاتام «رەگەتكە»نىڭ نامىنى ئاڭلىسىلا ھېلىقى ياسىن ئۆلتۈرۈپ قويغان كەپتەر يادىغا كېلىپ مېنى ئەيىبلەيتتى.

— ھەممىنى قىلغان سەن. قاراپ تۇرۇپ ئەڭ ئېسىل كەپتىرىمدىن ئايرىدىڭ. ھېلىقى ياسىن دېگەن كالانپاينىڭ كەپتەرنىڭ بوينىنى بىردە بىر ئۈزۈۋەتكىنىنى دەيمەن، ھەي، ئىسىت، ئۈچ مىڭ يۈەنگە سېتىۋەتسەممۇ بولۇپتىكەن، مەن ساڭا دېسەم...

— بولدى، بولدى، بۇ ئۆيدە بىر كەپتەرۋازنىڭ دەردىنى تارتىپ بولالمايۋاتسام يەنە بىرنى تەربىيەلەي

دەمدىكىن. سەن ھەرگىز ئۇنداق ئاسمانغا قارايدىغان ئادەم بولما، بالام،— دېدى ئاپام.

ياسىنلارنىڭ ئۈزۈمى تازا ئوخشىدى. چۈنچىسى كىچىك كېلىپ، قوشنىلارنىڭ چۈنچىسىگىمۇ ئۈزۈم ئاستى. ئاتام ئۆز ۋاقتىدا بەش مو يېرىمىزگە تەك تىكمىگىنىگە پۇشايمان قىلدىمىكىن، پات - پات ئۇھسىنىپ قوياتتى. ئاپاممۇ بۇ ئىشنى تولا تەگەپ ھاردى بولغاي، ئانچە تىلغا ئالمايدىغان بولدى.

بىز ئۈچ بالا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولغاچقا، توققۇزىنچى ئايدا ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى تاپشۇرۇش ئاتامغا ئېغىر كېلەتتى. شۇڭا مەن نەچچە يىلدىن بېرى ياسىنلارنىڭ ئۈزۈمىنى ئۈزۈشۈپ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ بېرىپ ئوقۇش، كىتاب پۇلۇمنى تاپاتتىم. بۇ يىلمۇ شۇنداق ئىشلەپ كۆزنىڭ غېمىنى قىلغۇم بار ئىدى. ئاتامنىڭ مۇز يىغىپ تۇرغان چىرايىدىن قورقتۇم. مەكتەپكە بارىدىغان كۈنلەرمۇ كۈنسېرى يېقىنلاشماقتا. ھەرقاچان «سەن چوڭ بولغاندىكىن، ئاۋۋال ئۇكىلىرىڭ پۇل تاپشۇرسۇن...» دەپ «ھۆكۈم» چىقىرىشى تۇرغان گەپ، ھەي، تېزرەك بىر ئامالىنى قىلسام بولاتتى.

ياسىن بىلەنغۇ ياخشى ئۆتىمەن. ئۇلارنىڭكىدە ئىشلەيمەن دەپ يۈرسەم ئاتام نېمە دەپ قالار؟ يا ھېلىقى ئېسىل كەپتەرلىرىنى سېتىپ ئوقۇش، كىتاب پۇلىنى غەملەپ بېرەمدىكىن. ئاتام ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ئاپامغا دەپ باقايمۇ - يە؟ ئاپام قوشۇلغان بىلەن ئاتام

قوشۇلمىسا بىكار، ئىككىسى جىدەللىشىپ قالسا خاپىلىق بىز باللارغا بولىدۇ شۇ.

شۇنداق تىت ـ تىت بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۇدۇل قوشنىمىز ئابلىمىت ئاكام كىرىپ ماڭا ئىش تاپقانلىقنى ئېيتتى.

ــ قىلىدىغان ئىشىڭ، قولۇڭغا بىر ئوتغۇچ ئېلىپ، كېۋەزدىكى يانتاقنى چاپىسەن. كۈنىگە ئون يۈەن بېرىدۇ. ئون كۈن ئىشلىۋالساڭ قولۇڭغا يۈز يۈەن كىرىدۇ دېگەن گەپ، قانداق قىلىسەن.

مەن گەپ قىلغۇچە ئاپام قوشۇلمىدى:

ــ ھاۋا بەك ئىسسىق، بالام...

ــ قۇدۇق ئىگىسىمۇ غەرەز ئۇقمىدىغان ئادەم. ئەتىگەن سائەت بەشتە ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتسەك، ناشتىنى قۇدۇق بېشىدا قىلىمىز. سائەت ئونلار بىلەن قايتىپ كېلىمىز. چۈشتىن كېيىنمۇ سائەت تۆتلەر بىلەن ئىشلەيمىز. ئىسسىقتا قالمايمىز.

ــ ئابدۇرېشىت ئۆزۈڭ بىر نېمە دېگىن.

ــ بارماي نېمە ئامالىم. مەنمۇ ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇللىرىنى توققۇزىنچى ئايدا بالدۇر تاپشۇرۇۋپاقاي.

كېۋەز ئوتاپ يۈز يۈەن پۇل تاپتىم، ئەمما تاماقتىن قىينالدىم. ياسىنلارنىڭ ئۆزۈمىنى ئۆزۈشۈپ بەرگەن بولسام، ئەتىگەندە سۈت ئىچەتتىم، چۈشتە ئىسسىق تاماق يەيتتىم، تەكلىكتە قورسىقىم ئاچسا، ئۆزۈمنى خالىغانچە تاللاپ يەپ... بولدىلا ئۇنداق كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتكەن ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتامنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ياسىن بىلەن بىللە ئويناپ يۈرۈۋەردىم. ھەش ـ پەش دېگۈچە قىشنىڭ ئاچچىقى يېنىپ، ھاۋا ئىللىپ باھارنىڭ شەپىسى كەلدى. ئاتام كەپتەرنى ئۈچۈرۈپ تاماكىسىنى چېكىپ تۇرخۇنغا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغاندى. تۇرۇپلا ئاتامغا ئاچچىقىم كېلىپ قالدى. ئاپامنىڭ شۇنچە ئېغىر ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدىغاندۇ؟ ھەممە خەق ئېغىللاردىن قىغ چىقىرىپ، يەرلىرىنى ئوغۇتلاشقا باشلىدى، ئاتام ئېتىزغا كۈندە بىر ـ ئىككى ھارۋا قىغ توشۇپ قويسىمۇ ھېساب ئىدى.

مانا «ئۈچەك»كە كىرگەن تەكلەر ئېچىلىپ، يوپۇرماقلىرى چىقىپ، يېشىل دېڭىزدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يېقىندىن بۇيان ئاتام بىكار بولسا پالتىنى بىلەپ قويىدىغان بولدى. مەن ئاتامنىڭ ئوتۇن يارغاندا ئىشلىتىدىغان پالتىنى بىلىمەي، گۆش چانىغاندا ئىشلىتىدىغان پالتىنى بىلىگىنىگە قاراپ «ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدىم. نېمىلا بولسا بولسۇن، قولى ئىشقا باردى، بۇنىمۇ قىلمىسا نېمە دېگۈلۈك.

ئەتىيازنىڭ بورىنى چىقىشقا باشلىدى. تاڭغا يېقىن ئۇكام «تەرەتكە چىقىمەن» دېۋىدى، ئۇنى تالاغا ئاچىقسام بوران ئالىلىقاچان توختاپ قالغان بولۇپ، بوران شاملى چىقىۋاتاتتى. مەن ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدا چاشقاندەك بىر نەرسىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ، شۇ ياققا قولچىراغنى يورۇتتۇم. بىر چاشقان بۇلۇڭدىكى تۆشۈككە كىرىپ كەتتى. كۈندە جايىدا تۇرىدىغان پالتا يوق تۇراتتى.

بەلكىم ئاپام ئۇنى بىرى ئوغرىلىۋالمىسۇن دەپ، قازناققا ئەكىرىپ قويغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم.

سەھەردە ئىشىككە چىقساق، قىيا - چىيا بولۇپ كېتىپتۇ. ئاتام ئۆگزىدە تورنى پۇلاڭلاتقىنىچە بىر خىلدا كەپتەر ئۇچۇرۇۋاتاتتى.

— توۋا قىلدىم، ئەبەيدۇللا ئاكاملارنىڭ ئىككى ئېرىق تېكىنى بىرى قىرقىۋېتىپتۇ.

— نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى. بىزمۇ قاراپ باقايلى.

مەھەللىدىكى ھەممە خەق دېگۈدەك تەكلىككە قاراپ ماڭدى. مەنمۇ ئىككى ئىنىمنى ئەگەشتۈرۈپ باردىم. دېگەندەك ئۇن ئىككى يىللىق تەكىنىڭ يوغىنى چوڭ ئادەمنىڭ بىلىكىدەك، كىچىكى كىچىك بالىنىڭ بىلىكىدەك تەك شوخلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرى تۈپ بېشىدىن كېسىۋەتكەنىدى.

مەن خەقلەرنىڭ «پالتىدا كېسىپتۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى. ئىككى ئىنىمنى ئېلىپ ئۆيگە كەلدىم. پالتا ئۆز ئورنىدا تۇرۇپتۇ، مەن ئاتامغا قارىدىم. ئاتامنىڭ سەل قىزارغان كۆزلىرى ئۇيقۇسىراپ تۇراتتى. ئاڭلىسام ساقچى كېلىپمۇ «ئىزنى بوران يوقىتىۋېتىپتۇ» دەپ بىرمۇنچە ئەھۋال ئىگىلەپ كەتتى.

ئۇ ئىككى ئېرىقتىكى ئۈزۈمنىڭ پۇلى كەم دېگەندە ئۈچ - تۆت مىڭ يۈەن بولاتتى. ئاتام ھېچ ئىش بولمىغاندەك كەپتىرىنى ئۇچۇرۇش بىلەن بەنت ئىدى. ھېلىقى كونى ياسىنىنىڭ ئاپىسى «ھۆ» تارتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىغلىغاندا، ئاتامنىڭ «يىغلايدىغان يىغاڭلار ئالدىڭلاردا» دەپ غۇدۇڭشىغىنىنى ئاڭلاپ قالغانىدىم. ئاھ، خۇدا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قۇلىقىم گاس بولۇپ قالغان بولسىچۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۈرىكىمنى بىر قۇرت غاجايدىغان بولۇپ قالدى. بەزى كېچىلىرى ئاتامنىڭ مەھەللىدىكى ھەممە تەكلەرنى چېپىپ تاشلاپ، «يۇخادىن چىقتىم» دەپ دوپپىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان تۇرقىنى چۈشەپ چىقىمەن. ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئوقۇشسام، تەكنى قىرقىۋەتكەننىڭ ئۆزىلا بىر ئادەمنىڭ نەچچە يىل تۈرمىدە يېتىشىغا ئاساس بولالايدىكەن. ئاغزىمدىن مەن ئەنسىرىگەن گەپنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈردۈم. چۈشۈمدە كۆرگەننى جۆيلۈپ دەپ سالماي دەپ، ھېچكىمنىڭكىدە قونۇپ قالمىدىم.

بۇرۇن ئاپام ئېيتىپ بەرگەن بىر چۆچەكتە، پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ چېچىنى چۈشۈرمەكچى بولۇپ، ۋەزىرلەر بىر ساتىراشنى تەكلىپ قىلىپتۇ. ۋەزىر ساتىراشقا پادىشاھنىڭ بېشىدا مۈڭگۈزى بارلىقىنى ھېچكىمگە تىنماسلىقنى تاپىلاپتۇ. ساتىراشمۇ ماقۇل بوپتۇ. كىم بىلسۇن، پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ بېشىدا مۈڭگۈزى بارلىقى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجاپ ئارام بەرمەپتۇ. ئۇ چىدىماي ئادەم يوق يەرگە بېرىپ: «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار ئىكەن!» دەپ ۋارقىراپتۇ... مېنىڭ يۈرىكىمنىمۇ ساتىراشنىڭ يۈرىكىنى غاجىغان قۇرت غاجاپ ئارام بەرمەيتتى. مەنمۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئادەم يوق يەردە ساتىراشتەك ۋارقىراپ سالارمەنمۇ؟

# يامغۇر

مەن يەنە كېچىكىپ قالدىم. تۇنۇگۇنلا سىنىپ مەسئۇلىمىزغا قەتئىي كېچىكمەيمەن، دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىم. ئىسىت، رەيھانىئاي مۇئەللىمنىڭ ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، دىمىقىنى قېقىپ، دەرۋازا يېنىدا كېچىكىپ قېلىپ قاتار تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن ماڭا ئالىيىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تەرتىپ مۇدىرىنىڭ تىزىملىك دەپتىرىگە ئىمزا قويۇپ مېڭىشىنى يەنە كۆرىدىغان بولدۇم. ئۆزۈمدىمۇ بار، ئۇدا تۆت كۈنمۇ كېچىكمەنمۇ؟ ماڭىمۇ نېمە ئامال، كىم مېنىڭ ئۆيۈمنى يىراق، ئائىلىمىزنى نامرات بولسۇن دەپتۇ؟ نامراتلىق نومۇس ئىشمۇ؟ ۋاي، ۋۇي نېمە بولسا بولمامدۇ، ماۋۇ ئۆتكەلدىن بىر ئۆتىۋالاي... قىرىشقاندەك بۈگۈن كېچىككەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن. بۈگۈن ئەتىگەن قولاقچامنى كىيمەي كەلسەم، ماۋۇ سوغۇقنىڭ مەن بىلەن قىرىشقاندەك بولۇۋاتقىنىنى، شەرق تەرەپتىن ئۇرغان شامال يۈزۈمگە، چاچلىرىم ئارىسىدىن ئۆتۈپ بېشىمغا يىڭنىدەك سانجىلاتتى. جىم تۇرغاچقا بايا يۈگۈرۈپ كەلگۈچە تەرلەپ كەتكەن پۇتۇم ئەمدى مۇزلاپ ئارام بەرمىدى، پۇتۇمنى تېپىرلىتىپ ئىسسىتىشقا باشلىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرتىپ مۇدىرى ماڭا قاراپ قاپىقىدىن بىر مۇز ياغدۇرۇۋىدى، جىمىپ قالدىم. سوغۇقنىڭمۇ ئاچچىقى كەلگەن چىغى، تازا كۈچەيدى، ئىچىمدە سوغۇقنى تازا تىللىدىم. رەيھانئاي مۇئەللىمنىڭ مۇز يىغىپ تۇرغان چىرايىنى ئەجەب سېغىندىم، قانداقلا سېسىق گەپ قىلسا مەيلى، مېنى مۇشۇ سوغۇقتىن قۇتۇلدۇرسىلا بولاتتى. توڭلاپ كەتكەنلىكىمنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن غادىيىپراق تۇرۇشقا تىرىشقانسېرى دۈگدىيىپ كېتىۋاتاتتىم. قوللىرىمنى پاختىلىق چاپىنىمنىڭ يېڭىگە تىقىۋېلىپ باقتىم. سوغۇق ماڭا رەھىمسىزلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. مەكتەپنىڭ ھەممە تۈزۈمگە قوش قوللاپ قوشۇلىمەن، ئەمما كېچىكىپ قالغانلارنى ئۇرۇش ئەسىرلىرىدەك قاتار تىزىپ قويىدىغان بۇ تۈزۈمگە قوشۇلالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىكىپ قالغان ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپىدىن ھەپتىلىك تەكشۈرۈشتە نومۇر تارتىلىدۇ، سىنىپ مەسئۇلى ئىمزا قويۇپ ئېلىپ كىرىپ كەتمىگۈچە دەرۋازا ئالدىدا تۇرىدىغان گەپ. بىزنىڭ رەيھانئاي مۇئەللىمنىڭ ھەممىدە بىرىنچى بولىمەن دەيدىغان مىجەزى بار. ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى يوق، شان ـ شەرەپ كەلسىلا بولدى دەيدىغان بۇ مۇئەللىم ماڭا ئەڭ ئۆچ...

«تاق، تاق، تاق»، بۇ رەيھانئاي مۇئەللىمنىڭ ئاياغ تىۋشى ئىدى. ئادەتتە ئانتاراكتىكانىڭ بىر پارچە كۆك مۇزىنى ئەسلىتىدىغان بۇ مۇئەللىم قىزىپ كەتكەن

چويۇن مەشتەك ئىللىق كۆرۈنۈپ كەتتى. كاربدورغا چىقىپ تۇرۇشىغا نەدىن كەلگەن ئۆلگۈر تېلېفونكىن كاربدورنىڭ ئوڭ چېتىدە تۇرۇپ راسا سۆزلەشكىلى تۇردى. چاققانراق سۆزى تۈگىسە بولاتتى، تېلېفوننىڭ باتارېيەسىنىڭ توكى تۈگۈسىدى، تېلېفونى بۇزۇلۇپ قالسىدى... ئىچىمدە تېزرەك چىقىشىنى تىلىدىم. رەيھانئاي مۇئەللىم كۆز ئالدىمدا ھورى ئۆرلەپ تۇرغان پولۇدەك ئىسسىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تۇۋا، نېمە بولدۇم مەن.

يېنىمدىكى جاڭ شىننى سىنىپ مەسئۇلى قولىدىن تارتىپ ئېلىپ كىرىپ كەتتى، ھەر نېمە بولسا ئۇنى ئېلىپ كەتتى. مەن بولسام پات - پات بىنانىڭ ئىشىكىگە قاراپ بوينۇمنى سوزىمەن. مۇئەللىمنىڭ تېلېفوندا سۆزلىشىشتىمۇ بىرىنچى بولغۇسى باردەك سۆزى تۈگىمەيۋاتاتتى. ماۋۇ ئات يۈز تەرتىپ مۇدىرىمۇ تۈزۈمگە تۈزىتىش كىرگۈزسە بولىدۇ. مەن بولسام «قايسى سىنىپ مەسئۇلى سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىنى ئەتىگەنلىك مۇزاكىرە باشلىنىپ بەش مىنۇتقىچە ئېلىپ كەتمىسە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلدى، دەپ قارىلىپ سىنىپ مەسئۇللۇق نومۇرى تارتىلىدۇ...» دەپ قوشۇپ قويغان بولاتتىم. ئوقۇغۇچى دېگەننىڭ ۋەزىپىسى ئوقۇشقۇ. ئاتا - ئانىلىرىمىزمۇ «بالىلىرىمىز ئوقۇسۇن» دەپ بىزنى مەكتەپكە ئەۋەتمىدىغۇ؟

ئەتىگەنلىك مۇزاكىرىنىڭ ۋاقتىمۇ توشتى. ئەمدى چاتاق بولدى، ساۋاقداشلىرىم ۋە باشقا بالىلار زاڭلىق

قىلىدىغان بولدى. نېمە دېسە دېسۇن، ئەنۋەر چىقىشىغا قولاقچىسىنى بىردەم ئارىيەت ئېلىپ تۇرمىسام بولمىدى. ئاچچىق سوغۇق شامال بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ، ئەتە زۇكام بولۇپ قالماي يەنە. زۇكام بولۇپ قالسام، كۆمۈر ئالالماي قىينىلىپ تۇرغاندا، دوختۇرغا بىرمۇنچە پۇل خەجلەيدىغان گەپ، خۇدايىم ساقلىسۇن ئاغرىپ قېلىشتىن. تەرتىپ مۇدىرىمۇ توڭلىغان بولسا كېرەك، تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرماقچى بولۇپ خەۋەرلىشىش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ماڭا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «مەدەنىيەت ئۆيى» نىڭ رولىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان خەۋەرلىشىش ئۆيى بەخت قۇچىقىدەك سېزىلىشكە باشلىدى. بىردەم بولسىمۇ ئىسسىنىۋالسام بولاتتى، تەرتىپ مۇدىرىنىڭ ئىنساپىنى تىلەپمۇ باقتىم...

كېچىككەنگە تويدۇم. تاپشۇرۇق ئىشلەپ كېچىكىپ قالغانىنىڭ جازاسىنى تارتقاندىن كۆرە تاپشۇرۇقنى ئىشلىمەي سىنىپتا مۇئەللىملەرنىڭ تەنقىدىنى ئاڭلاشنىڭ نەقەدەر راھەتلىكىنى ئەمدى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مەنمۇ ئەخمەق، تاپشۇرۇق كۆپ بولسا يېرىمىنى ئىشلەپ بەرسەملا بولمىدىمۇ، كىم مېنى ھەممە تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولۇپ ئۇخلىسۇن دەپتۇ.

بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقىمۇ چېلىندى. يېنىمدا پاراللېل سىنىپتىكى ئەخمەت بىلەن ليۇ تاۋ قالدى. پۇتۇم مۇزلاپ تىزىمدىن ئۆتتى. تاپانلىرىمنىڭ سېزىمى يوقاشقا باشلىدى. سەل ئېچىم

ئېلىشقانىدەك بولدۇم. بۇنى ئەتىگەندە ئالدىراپ - تېنەپ تۇزۇكرەك ناشتا قىلمىغانلىقىمدىن كۆردۇم، كۆزۈم بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى.

توساتتىنلا ئۇستۇمگە يامغۇر تاراسلاپ يېغىشقا باشلىدى. يامغۇردىن پاناھلىنىمەن دەپ ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ باققان بولسامۇ، بېشىم پاتقۇدەك بىر دالدا يەر تاپالمىدىم. قولۇمدىكى كىتابنى ھەرقانچە قىلىپمۇ بېشىمغا ئالالمايۋاتاتتىم...

كۆزۈمنى ئاچسام خەۋەرلىشىش ئۆيىدىكى كارىۋاتتا يېتىپتىمەن. قاپىقىدىن مۇز ياغدىغان مۇدىرنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى، مۇزچىراي رەيھانئاي مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىن ئىللىق كۈلۈمسىرەشكە قوشۇلۇپ، قورقۇش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ئېلى، قانداقراق تۇرىسەن؟

— مەن، مەن نېمە بولدۇم.

— ھېچ... بايا يىقىلىپ كەتتىڭ...

— توڭلاپ تۇرىمەن...

نېمىشقىدۇر ھۆ بولۇپ ياندۇردۇم. مەكتەپ مۇدىرى بىردەمدە نامى مەكتەپ دوختۇرى، ئەمەلىيەتتە مەكتەپنىڭ داڭچىسى تۇرسۇنئاي خانىمنى باشلاپ كىردى.

— ئېلى، قانداقراق تۇرىسەن؟

— يامغۇر توختىدىمۇ؟

ھەممىسى چۆچۈپ بىر - بىرىگە قارىشىپ كەتتى. بايىلا يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتاتتى. ئەمدى يامغۇرنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانمايۋاتاتتى، بۇ يۇرتتا يىلدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىرەر قېتىم شۇنداق قاتتىق يامغۇر ياغاتتى. توۋا، يامغۇردا ئاۋۇ تەرتىپ مۇدىرى قۇلاقچا كىيىۋاپتىغۇ؟ قولىقىمغا يەنە يامغۇرنىڭ شارقىراپ ياغقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن تېز كېتىۋالاي، چۈنكى يامغۇر ئۆتۈپ كەتسە ئاكامنىڭ ئوقۇش پۇلى يوق بولىسۇن.

ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا پۈتۈم زىڭىلداپ ئاغرىپ، بېشىم قىيىپ كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ قالدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپنىڭ كېچىككەنلەرنى دەرۋازا يېنىدا تۇرغۇزۇپ قويىدىغان تۈزۈمى يوقىتىلدى. بىراق، قۇلىقىمغا يامغۇر ئاۋازى دائىم ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

# دوپپا

مومام دوپپا تىكىشكە شۇنداق ئۇستا، تىككەن دوپپىلىرى شۇنداق چىرايلىق، يىراق يېقىندىكى تۇغقانلارغا دوپپا تىكىپ سوۋغا قىلىپ تۇرىدۇ. دۆلەتباغدىكى تۇغقىنىمىز ئارىپ ئاكامنى دوپپا سودىسى قىلامدىكىن دەيمەن. ھەر قېتىم چىقسا مايلىشىپ كەتكەن كونا دوپپىسىنى كىيىپ كېلىدۇ. ئۇنى بىچارە كۆرسىتىپ تۇرغان شۇ كۆرۈمسىز مايلاشقان دوپپىنى كۆرسە مومام قاراپ تۇراتتىمۇ، ساندۇقتا سېلىپ قويغان دوپپىلىرىدىن بىرنى بېشىغا كىيدۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭغۇ ئېغىزى ياغلىق، مومامنى بىر ماختايدىغان بولسا، مومام ھارۋىسىغا مېۋە پىششىقدا بىرەر سېۋەت مېۋە، قىشتا بىرەر خالتا چامغۇر بولسىمۇ سېلىپ بېرىدۇ. بىر قېتىم مەن يېڭى دوپپىنى بېشىغا كىيىپ گىدىيىپ ئولتۇرغان ئارىپ ئاكىنىڭ كونا دوپپىسىنى ئاچىقىپ ئېتىۋېتەي، يەنە مۇشۇ دوپپىسىنى كىيىپ كېلىپ مومامنىڭ دوپپىسىدىن بىرىگە زىيان سالمىسۇن دەپ شارتلا ئالدىم ــ دە، تالاغا ماڭدىم.

ــ مۇراتجان بالام، دوپپامنى نەگە ئېلىپ بارىسەن؟

ــ كونىراپ كېتىپتۇ تاشلىۋېتەي دەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بالىسەن ـ دە بالا، يېڭىنى كۆرۈپ كونىسىنى ئۇنتۇپ كەتسەڭ بولمايدۇ. بۇ دوپپىنىڭ ھەر بىر تىكىچىدە ئايتۇراخان ئايلامنىڭ يۈرەك قېنى بار. كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسراپ كىيىپ كېلىۋاتىمەن بۇ دوپپىنى، ئۇنداق قىلما بالام، ئالتۇنغا بەرگۈسىز سىپتا، كاتتا تىكىلگەن بۇ دوپپىنى كۆز قارىچۇقۇمدا ساقلىغاندەك ساقلايمەن...

مومامنىڭ چىرايىدا رازىمەنلىك كۈلكىسى جىلۋىلەندى. مومام ئاتامغا دەپ يەنە ئارىپ ئاكامنىڭ ھارۋىسىغا ئىككى خالتا ئاق قوناق سېلىپ بەردى. ئارىپ ئاكا كەتتى.

— موما، ئاتاملار سەن تىككەن دوپپىنى شۇنچە ئۇزاق كىيىدۇ، بۇ ئارىپ ئاكام ئايدا ئىككىنى كىيمەيدىغاندۇ؟ بازاردىن ئۆتكۈچە چوقۇم سېتىۋېتىدۇ.

— گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ، دەيدىغان گەپ بار بالام، ئۇنداق گەپ قىلما.

— راست ئەمەسمۇ؟ قارا ئۇنىڭ تۈلكىلىكىگە.

— كىچىك بالا دېگەن ئۇنداق گەپ قىلمايدىغان...

مومامنىڭ تىككەن دوپپىسىنى كىيمىسەم بىر يېرىم ئېچىلىپ قالغاندەك، بىر يېرىم كەمدەك ھېس قىلىمەن. شۇڭىمىكىن دوپپامنى بېشىمدىن چۈشۈرمەي كىيىمەن. مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگىچىمۇ دوپپا كىيىپ يۈردۈم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا يېزا مەركىزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىشقا توغرا كەلدى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپمۇ دوپپا كىيىپ يۈردۈم.

ساۋاقداشلىرىم مودا شەپكىلەرنى كىيىپ يۈرۈشەتتى. مېنىڭ دوپپا كىيىپ يۈرۈشۈم كۆزگە سىغمىدى بولغاي، مېنى «موللام» دەيدىغان بولۇۋالدى. نېمە دېسە دېسۇن، مەن مومام تىككەن چىرايلىق دوپپامنى كىيىمەن. بىراق تۇرسۇننىڭ دوپپامنى بېشىمدىن بىر شاپىلاق ئۇرۇپ ئۇچۇرۇۋېتىشى جېنىمغا تەگدى. بۇ ئىش نەچچە قېتىم بولدى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ بىرگە بىر تەڭ تۇرۇپ كەلدىم.

كىچىككىمدىن باشلاپ موماممنىڭ دوپپا تىكىشىگە ياردەملىشىپ كەلگەنمەن. موموم دوپپىنىڭ تۇبۇلۇكىنى، كېزىكىنى، توقۇچىنى شىلىملىسا مەن شىلىم سۈرۈپ، دوپپا پۈتسە كەپكە كىيدۈرۈپ بېرىشەتتىم.

كىچىك ۋاقتىمدا موماممنىڭ دوپپا تىكىشىگە قاراپ مەنمۇ دوپپا تىكىمەن، دەپ تۇرۇۋالغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە.

— ئوغۇل بالا دېگەن دوپپا تىكسە بولمايدۇ، ماڭ ئويۇنۇڭنى ئوينا، ئوغۇل بالا دوپپا تىككەن نەدە بار، — دەپ يېنىمدىن قوغلايتتىيۇ، مىنۇت ئۆتمەي، — ھاي، مۇراتجان، قېنى سەن؟ يېنىمغا كەل! — دەپ چاقىراتتى.

شۇنداق قىلىپ موموم ماڭىمۇ دوپپا تىكىشنى ئۆگەتكەنىدى. مەن پىلتىكۇچنى پاختىلاپ بولۇپ شىرنىقا ئۆتكۈزىمەن دەپ، پىلتىكۇچنى نەچچە قېتىم قولۇمغا سانجىۋالغانىدىم. راستىنى دېسەم ئۇ دوپپىدا موماممنىڭ ئەجرى كۆپ ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ دوپپىنى مەن تىككەن بولدۇم. موموم «مۇراتجان بالامنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

دوپپىسى» دەپ ئاتىدى. مەن تىككەن تۇنجى دوپپامنى بۇۋامغا كىيدۈرۈپ قويغانلىقىم ھازىرقىدەك ئېسىمدە. شۇ چاغدا بوۋام سارغايغان چىشلىرىنى چىقىرىپ تازا كۈلۈپ كەتكەنىدى. مېنىڭ تىككەن دوپپامنى مومام ھازىرغىچە ساقلاۋاتىدۇ.

مەن مومامنىڭ تىككەن دوپپىلىرىنىڭ سانىنى بىلمەيمەن. مومامنىڭ تىككەن دوپپىلىرىنى كىيمىگەن تۇغقىنىمىز يوق بولسا كېرەك، شۇڭىمىكىن تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى مومامنى ئۇلۇغلاپ بېشىدا كۆتۈرگۈدەك قىلىشىدۇ.

بىر كۈنى مەن مومامنىڭ تىككەن قىزىل گۈللۈك، زەر توقۇشلۇق دوپپىسىنىڭ پۇتۇشگە قولۇمغا ئېلىپ تۇرۇپ:

— موما، بۇ دوپپىنى سەن تىككەن دوپپىلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى دېسەك بولغۇدەك، بۇ دوپپىنى ساقلاپ قويايلى، — دېدىم.

— ھەي، مەن تىككەن ئەڭ ئېسىل دوپپىنى كونىلىقتا قارشى تۇرۇش يىللىرى، دوپپا كېيىش دولقۇنىدا كېسىۋېتىشكەن.

— كىم كېسىۋەتكەن؟

— بوۋاڭ بولمامدۇ؟ شۇنداق ئاچچىقىم كەلگەنىدى. قىزىل يەڭلىكلەر «دوپپا كۆيدۈرىمىز، دوپپا كېسىمىز» دەپ كەلگەندىلا ئۆيگە كىرىپ، كونا دوپپىسىدىن بىرنى كىيىپ چىقىپ تۇرسىمۇ بولىدىغان نېمە، يا بولمىسا دوپپىنى قوينىغا تىقىۋېلىپ، ھېلى بىرى

كۆيدۈرۈۋەتتى، دېسىمۇ ساقلىنىپ قالىدىغان دوپپا ئىدى. مەن ئۇ دوپپىنى مىڭبىر جاپادا شۇنداق كۆڭۈل قويۇپ تىككەنىدىم. سەن بىلمەيسەن، ئۇ چاغلاردا ئىش ئېغىر، يەيدىغىنىمىز نورمىلىق. كىچىك ئاپاڭ گۇلسۇمخان ئەمچەكتە ئىدى. ئىشلىرىمنى قىلىپ بولۇپ، بالا بېقىپ چۈشلۈك دەم ئېلىشلاردا خەق ئۇخلاپ ئارام ئالسا ئۇخلىماي، گۇلسۇمخانغا شېكەر ئېلىپ بېرىشكە كۆزۈم قىيماي، يىپ، قارا دۇخاۋا سېتىۋېلىپ بوۋاڭغا دوپپا تىككەنىدىم. ئۇ دوپپا شۇنداق چىرايلىق تىكىلگەنىدى. دوپپىغا قارىغان ئادەمنىڭ قارىغۇسى كېلەتتى. بىر كۆڭلى كىيگىنى قالدى...

— سەن تىككەن دوپپىنىڭ چىرايلىقلىقىدا گەپ يوق، موما.

— ياق، ئۇ دوپپىنىڭ تىكىلىشىلا ئەمەس، گۈلىنىڭ رەڭگىنىڭ ئېچىشىنى دېمەيسەن. كۆزۈمنى يۇمساممۇ شۇ دوپپا كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. شۇ يىلى ئۆزۈم پىلە بېقىپ پىلىلەر تولا ئۆلۈپ ئاران بىر سېۋەت غوزا ئالغانىدىم. ئۇنى يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ھېزىز ئاخۇن ئۇستامغا يىپقا تېگىشىپ كېلىپ تىككەن. جۇجەملىكتىن يوپۇرماق ئالساڭ، خەق كۆرۈپ قالسا ئىش بار. كاپىتالىزم يولىغا ماڭدى، دەپ كۈرەش قىلىدىغان چاغلار ئىدى. قايسى جۇجەمنىڭ يوپۇرمىقى كۆپ، ئاسان ئالغىلى بولىدۇ، كۈندۈزى شۇنى كۆرۈپ قويۇپ كۆز باغلىغاندا ياكى كېچىسى چىقىپ ئېلىپ باققان پىلىلەرنىڭ بەدىلىگە كەلگەنىدى... شۇنداق جاپادا پۈتكەنلىكتىنمىكىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ دوپپا شۇنداق چىرايلىق تىكىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تالاي دوپپىلارنى تىكتىم، ئۇنداق ئوخشىغان، چىرايلىق دوپپا تىكىپ باقمىدىم دەپ ئويلايمەن.

مەن كىچىككىمدىنلا مومامنىڭ دوپپا تىككىنىنى كۆرۈپ، دوپپا تىكىشنىڭ تەسلىكىنى بىلگەچكىمۇ دوپپىنىڭ قەدرىنى قىلمىغانلارنى كۆرسەم غەزىپىم تاشىدۇ.

مەن بۇۋام كىيىپ كونىراپ كەتكەن، ئەمما پىتىدىن چۈشۈپ كەتمىگەن دوپپىلارنى يىغىپ قويدۇم. بۇرۇن موماممۇ يىغىپ قويغانىكەن. قازناقتىكى ئويۇقتا ئىككى رەت دوپپا بار. كېيىن دوپپا كۆرگەزمىسى ئاچىمەن. ئۇ دوپپىلارنىڭ گۈللىرىلا ئون نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ...

ئاكام ئۇسسۇلغا ئۇستا ئىدى. تويلارغا باردىمۇ بولدى، سورۇندىن چۈشمەي ئۇسسۇل ئوينايتتى. يېقىندىن بۇيان يۇرتىمىزدا تويدا ئۇسسۇل ئوينىغان ئەرلەرنىڭ بېشىغا دوپپا كىيگۈزۈش، ئاياللارنىڭ بوينىغا رەڭدار شارپا ئارتىپ قويۇش مودا بولۇپ قالدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر قېتىم ئاكام ئېلىپ كەلگەن دوپپىلارنى كۆرگەن مومام ئاچچىقلاپلا كەتتى.

— تووۋا، مۇشۇمۇ دوپپا بولدىمۇ-ھە؟ گۈلىنى قولدا تىكىشكە ئېرىنسىمۇ مەيلى، تۈزۈك قىيسا بولمامدۇ؟ شىرىققا پاختا ئۆتكۈزۈش ئېغىر كەلگەن بولسا، نەچچە قات رەختنى ماشىنىدا شىرىۋەتسىمۇ بولاتتىغۇ؟ قەغەز ئالغىنىنى بۇ خەقنىڭ...— بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق

ساختا دوپپا كىيدۇرۇپ قويسا پىرقىرىتىپ ئېتىۋەت. باشقا كىيىدىغان نەرسىگە ئۇنداق ساختىلىق قىلسا قانداق بولىدۇ.

— پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتسەم باش كىيىمگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولۇپ قالامدىمەن؟ رەسمىيەت ئۇچۇنلا تارقىتىدىغان دوپپىلار بۇ موما، — دېدى ئاكام چاي ئىچكەچ پەرۋاسىزلا.

— ئۇنداق بولسا بولمايدۇ، كۆزگە ئىلمىغاندەك ئۇنداق ئەسكى - تۇسكى لاتىغا، مايماق گۈل قىيىپ چاپلاپ، كېرەكسىز قەغەزدىن تىككەن دوپپىنى كىيىشنىڭ ئۆزى نومۇس. ئۆتمۈشتىمۇچۇ تويلاردا ئۇسسۇلچىلارغا دوپپا كىيگۈزىدىغان، دوپپىسىغا پۇل قىستۇرىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئۇ دوپپىلارنى شۇ يۇرتتىكى ئەڭ ئۇستا دوپپىچىغا تىككۈزۈپ ئۇسسۇلچىلارغا كىيدۇرۇپ قوياتتى.

ئادەم دېگەنگە قېرىلىق يەتسە، بىر يىلدىلا قېرىپ قالىدىكەن. مومامغا بۇ يىل قېرىلىق يەتتى بولغاي، تىككەن دوپپىسى ئۆزىگە يارىماي كۆڭلى يېرىم بولۇپ «يىڭنە ئىشى قولۇمغا يەل كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ» دەپ دوپپا تىكمەس بولۇپ قالدى. بۇۋاممۇ مومام تىككەن دوپپىنى چوتكىلىۋېتىپ گۈللىرىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتسىمۇ كىيىۋەردى. مەنمۇ مومام تىكىپ بەرگەن دوپپىلىرىمنى ئالماشتۇرۇپ كىچىك كېلىپ قالسىمۇ كىيىپ يۈردۈم. «1 - ئىيۇن باللار بايرىمى»لىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پائالىيەتكە مەنمۇ تاللاندىم. سەھنىگە كونا دوپپىنى كىيىپ چىقسام بولماس. موماغا:

— موما، نېمىشقا دوپپا تىكمەس بولۇپ قالدىڭ؟ ماڭا بىر دوپپا تىكىپ بەرگىنە؟ — دېدىم. مومام بۇرۇنقىدەك:

— تىكىپ بەرسەمغۇ بولاتتى. يىڭنە ئىشى قولۇمغا يەل كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ، — دېدى.

مومام بۇ يىل ماغدۇرىدىن قالغانىدى. مەن مومامنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ، دەم ئېلىش كۈنلىرى ھارۋىغا سېلىپ تۇغقانلارنىڭكىگە ئېلىپ باردىم. مومام مېنىڭدىن بەك رازى بولدى.

مەن يەنە مومامنى بازاردىكى تۇغقانلارنىڭكىگە ئېلىپ باردىم. يېنىشىمىزدا سەل كەچ قالدۇق. يەكشەنبە بازىرىغا كەلگەندە بازار يىغىلغان بولۇپ، نەچچە تازىلىق ئىشچىسى يامداقلىرىنى ئىشقا سېلىپ توپا توزۇتۇپ كوچا سۈپۈرۈۋاتاتتى. ئېشەكنى ئىتتىكلىتىپ ئۆتۈپ كەتتىم. سەل ماڭا-ماڭماي ساۋاقدىشىم تۇرسۇننىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئەجەب ياخشى سەن ئۇچرىدىڭ ئاداش، ئاكام كېلىمەن دەپ كەلمەي قورقۇپ تۇراتتىم. ھارۋاڭغا بۇلارنى سېلىۋالاي.

— بۇ نېمە؟

— كۆرمىدىڭمۇ؟ قەغەز.

— بۇنى نېمە قىلىسەن؟

— كېلىن ئاچام سەيپۇڭ، دوپپا تىكىدۇ.

— بۇ ئەخلەتخانىدىن تېرىۋالغان قەغەزلەردىن

قانداقمۇ دوپپا تىككىلى بولار؟ قارا ئاۋۇ قەغەزدە ئىشەك تېزىكى بارمۇ نېمە؟

— ئۆيگە ئېلىپ بارغاندا ئۇلار يەنە ئىلغايدۇ. مەھەللىمىزدىكى دۇكانچىدىن تاماكا ئورام قەغىزى، هاراق بوتۇلكىسىنىڭ قاپلىرىنى ئاچىقىدىغان، ئەمدى ئۇ كىشىمۇ ساتىمەن، دەيدۇ. شۇڭا يەكشەنبە بازارغا كېلىپ پۇل كەتمەيدىغان قەغەز تېرىپ دوپپىچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

موماملىڭ چىرايىغا قارىدىم. گۇگۇم چۈشكەن بولغاچقا، موماملىڭ چىرايىنىڭ ئۆڭگەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم، بەلكىم تاتىرىپ كەتكەندۇ.

ئەتىسى مەكتەپتىن كەلسەم، مومام ئاجىزلىشىپ قالغان، نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ، قارىسام يېنىدا مېنىڭ دوپپام تۇرۇپتۇ. مومام ماڭا دوپپا تىكىپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. مومامنىڭ تىككەن دوپپىسى ئىككى ھەپتىدە ئاران پۈتتى. گۈللىرى بۇرۇنقى دوپپىلارنىڭ گۈللىرىدەك نەپىس، چىرايلىق ئەمەس ئىدى. بىراق، مەن مومامغا: «بۇ دوپپا شۇنداق چىرايلىق تىكىلىپتۇ، گۈللىرى شۇنداق نەپىس چىقىپتۇ» دېدىم. مومام مېنىڭ خۇشامەت قىلىۋاتقىنىمنى بىلىۋالغان چېغى، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. دوپپىنى شۇ زامان كىيىۋالدىم.

مانا دوپپىچى مومامدىن ئايرىلىپ قالغىلى بىر يىل بولاي دېدى. مومامنىڭ ماڭا تىكىپ بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى دوپپىسى كونىراپ ئۆڭۈپ كەتتى. ئاپامنىڭ قولىدىن دوپپا تىكىش كەلمەيدۇ. ئۆزۈم تىكەي دېسەم

قاملاشتۇرالمايمەن. بۇرۇن قانداق تىكەن بولغىيتتىم. مەن مومامنىڭ كېيىپ، گۈللىرىنى تىكىپ قويغان دوپپىسىنى تېپىپ، مومامنىڭ دوپپا تىككىنىدەك ۋە ماڭا ئۆگەتكىنىدەك تىكىشكە باشلىدىم. قوشنىمىز ئايىمخان ئانامنىڭ ياردىمىدە تازا قاملاشمىسىمۇ بىر دوپپا تىكىپ پۈتكۈزدۈم. موما پۈتكۈزەلمىگەن دوپپىنى مانا مەن تىكىپ كېيىۋالدىم. ئوغۇل بالا دوپپا تىككەن نەدە بار دەپ قالماڭ. مانا مەن دوپپا تىكتىم. مېنىڭ دوپپىغا بولغان مېھرىم مومامغا بولغان مېھرىمدەك چوڭقۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**图书在版编目（CIP）数据**

伊斯坎代尔的角：维吾尔文/帕尔哈提·卡孜木 著.
- 乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2011.9
ISBN 978-7-5515-0021-0

Ⅰ.①伊… Ⅱ.①帕… Ⅲ.①故事-作品集-中国
-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①Ⅰ 247.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2011）第 175535 号

www.uyghurkitap.com

责任编辑：萨黛缇·萨吾提
责任校对：迪丽达尔·买买提
封面设计：阿里甫·夏

伊斯坎代尔的角（维吾尔文）
（儿童故事集）
帕尔哈提·卡孜木　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路29号　邮编：830012）
新疆新华书店发行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
880×1230毫米　32开本　4.5印张
2011年12月第1版　2011年12月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN 978-7-5515-0021-0　定价：9.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد




شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5515-0021-0

9 787551 500210 >

باھاسى: 9.00 يۈەن